بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

# ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى

# 手艺的格言

Hunerning hekmiti



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新 疆 电 子 音 像 出 版 社

www.uyghurkitap.com

书　　名 儿童故事
编　　写 碧利库特公
责任编辑 古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对 克尤木·吐尔逊
设　　计 艾尼瓦尔·吐尔逊,伊尔夏提(书法家),伊利亚尔(画家)
马合木提江(画家)
出　　版 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 850×1168mm 1/32
印　　张 2.5
版　　次 2010年8月第1版
印　　次 2010年8月第1次印刷
书　　号 ISBN 978-7-900511-10-2
定　　价 240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - موممىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۇنۇملۇك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى باللارنىڭ تىلىغا ئـايلاندۇرۇپ بىـر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىـن ئۆتكۈزۈش ئـارقىلىـق بارلىققا كەلگـەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىـشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بـىلقۇت بـالىلار چۆچـەكلىرى» ـــ چـۆچەكلەرنـىڭ مەزمـۇنـى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بـىلقۇتـجاننىـڭ قىسقـا ـ قىسقا دىئالوگلىرى ئارقـىلىق بىـر ـ بىرىـگە باغلىـنىپ، بـىر پۈتۈن گـەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىـڭ تىلى چـۈچۈك، راۋان ۋە يېقـىملىـق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقـان پەرزەنتلـەرنىڭ ئوقـۇشىغا تـولىمۇ بـاب كېـلىدۇ. بىـز بۇ بىـر يـۈرۈش كىتـابـنى پەرزەنـتـلىرىـنى يارامـلىـق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا ـ ئـانىلارغا ۋە بـىلىمـگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


هۈنەر توغرىسىدا ........................ 1
هۈنەرنىڭ ھېكمىتى ........................ 5
ئېگەرچىنىڭ كەنجى ئوغلى ........................ 21
سىناق ........................ 37
كىشىلەر ئۆگەنمىگەن هۈنەر ........................ 46
هۈنەر — تېرىساڭ ئۈنەر ........................ 60
هۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولار ........................ 65

www.uyghurkitap.com

# ھۈنەر توغرىسىدا

ھۈنەر ئىلىمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ھۈنەرۋەنلەر ھۆرمەتلىنىپ، ئۇلارنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ئەـ تىۋارلانماقتا.

مۆھتەرەم بوۋاينىڭ قارىشىچە، ھۈنەر ئۆگىنىش بىر ئىنسانـ غا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىش، كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆزىـ نىڭ تۇرمۇشىنى قامداشتىن ئىبارەت ئالىي مەقسەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، ھۈنەر ئۆگەنگەن ۋە ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى ناھايىتى سىلىق بولىدۇ، ئەدەپ ـ قائىدىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ ئىززەت تېپىشـ نى بىلىدۇ.



مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىـ سى بىلقۇتجانغا خەلقىمىز ئىنچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ھۈنەرنىڭ ھېكـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىتىنى تونۇتۇشنى ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئارزۇسىغا يارىشا بۈگۈن بىلقۇتجان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا:

— بوۋا، بىز بۈگۈن بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق، ئۇنىڭ دادىسى ھۈنەرۋەن ئىكەن. ياغاچچىلىقنىمۇ، مىسكەرلىكنى-مۇ، تۆمۈرچىلىكنىمۇ بىلىدىكەن. ئۆيى تۈرلۈك قول ھۈنەر بۇ-يۇملىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ۋاي - ۋۇي... نېمىدېگەن چىرايلىق نەرسىلەر - ھە... — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي قىزىقىپ سورىدى:

— بالام، سەن بۇلارنى كۆرۈپ نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ؟

— بوۋا، خەلقىمىزنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ناھايىتى تە-رەققىي قىلغان ئىكەن - ھە؟ مەن بۇنى بۈگۈن بىلدىم، — دېدى بىلقۇتجان چۈرۈقلاپ، — گىلەم توقۇش، ھەر خىل تۈرمۈش بۇ-يۇملىرى ياساش، كۆركەم قۇرۇلۇشلارنى سېلىش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۈنەرنىڭ كارامىتىدىن بارلىققا كېلىدىغۇ... خەلقى-مىزدە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر تېپىلىدىكەن - ھە، بوۋا؟!

بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چۈشەن-دۈرۈشكە باشلىدى:



— شۇنداق بالام، ھەم-مىسى تېپىلىدۇ. ھۈنەر ئۆ-گىنىش بىر خىل ئادىمىي-لىك روھىنىڭ تاۋلىنىشى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ كې-يىنكى ھاياتلىق مەنزىلى

ئۈچۈن پارلاق يول ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز»، «ھۈنەر، قىلسا ئۆ-نەر»، «ھۈنەر — تۈگىمەس گۆھەر»، «ھۈنەرلىك ئادەم — مېۋىلىك دەرەخ»، «ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست - دۈشمەنگە زار بول-ماس»، «ھۈنىرى بار قۇل ئۆلمەس»، «ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ» دېگەندەك كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى بار-لىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ھۈنەرۋەننىڭ خىسلىتى شۇ يەردىكى، ئۇ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئۆزى ئازراق مەنپەئەت كۆرسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىش ئۈچۈن ئىشقا مەشغۇل بولىدۇ. شۇڭا، ھۈنەرۋەن ۋە ھۈنەر خەلقى-مىزنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ قەدىرلىكتۇر. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن قول ھۈنەر - سەنئىتى زامانىۋى ھۈنەرۋەنچى-لىكنىڭ جىددىي تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە، بەزى قول ھۈنەرلەر بۇنىڭ تەسىرىدە زامانىۋىلاشماقتا، بەزى ھۈنەرلەر ھېلىمۇ ئۆزى-نىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى بىزگە مەڭگۈ قەدىرلىكتۇر. ھۈنەر ئۆگى-نىش ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىش مەڭگۈ ئاكتىپ تەشەب-بۇستۇر.



بىلقۇتجان تولىمۇ ھا-ياجانلىنىپ:

— بوۋا، ئۇنداقتا، ماڭا ئاشۇ ھۈنەرلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز بولما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ؟ — دەپ ئۆتۈندى.

— جېنىم بالام، بۇ ناھايىتى قىيىن ئىش، ئۇنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال، ساڭا خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھۈنەر ۋە ھۈنەر-نىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرسەم، بۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارساق، ھۈنەر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭ-مۇ چوڭقۇرلىشىپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا باشلاڭ، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان قىزغىن-لىق بىلەن.

— ماقۇل، ئالدى بىلەن ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە چۆ-چەك ئاڭلا!



# ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ھېكىماخۇن دېگەن بىر ھۈنەرۋەن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ھۈنىرى، ئوقۇمىغان كىتابى يوق ئىكەن، ئۆزى ھەر تەرەپتىن ھېكمەتلىك ئىكەن، شۇڭا بۇ ئادەمنى خەلق «ھېكمەتلىك ھېكىماخۇن» دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، يېشىم چوڭىيىپ قالدى، ئۆمرۈم ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى. خام ھېساب قىلغىنىمدا يەتمىش يەتتە تۈرلۈك ھۈنەر بىلىدىكەنمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم دۇنيادىكى ھۈنەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، ھۈنەرسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالار.



شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئوغلى رەسساملىقنى، ئوتتۇرانچىسى نەغمىنى، كىچىكى لەقەنبازلىقنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ كۈندىن باشلاپ، ھېكىماخۇن بالىلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالىلىرى ئۆزى خالىغان ھۈنەرنى كامىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاتىسى:

— بالىلىرىم، ئەمدى بىرىڭلارنىڭ ھۈنىرىنى بىرىڭلار ئۆگىنىشكە بېرىلىڭلار، — دەپتۇ.

بالىلىرى بىر يىل ئىچىدە بىرىنىڭ ھۈنىرىنى بىرى ئۆگىنىپ، ھەر بىرى ئۈچتىن ھۈنەرگە مۇكەممەل بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ ياسىغانلىرى، ئىشلىگەن ئىشلىرى خەلقئالەمنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكىماخۇننىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارىلىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باشقا بىر شەھەردىن ئون ئىككى مىڭ سودىگەر سودا ئىشلىرى بىلەن كېلىپ ھېكىماخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. مەخسۇس مېھمانخانىدا زىياپەتتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلار ھېكىماخۇننىڭ ھېكمەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن مېھمانلار قايتار ئالدىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلىپتۇ. شۇ ئارىدا بىرسى ھېچ نەرسە سوۋغا قىلالماي، بىر قوينىغا، بىر ھېكىماخۇنغا قاراپ - قاراپ تۇرغۇدەك. بۇنى سەزگەن ھېكىماخۇن: توختا، بۇنىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ ھېلىقى كىشىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئول-



تۇرغاندىن كېيىن:

— سىز، بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەپتىمەن، دەپ خىجالەتتە قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ كۆڭۈل سوراپتۇ.

— يوقسۇ تەقسىر، مەن تېخى سىزنىڭ داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ، ياش كىشى چېغى دەپ، بىر قىزىل تون ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، قارىسام ئاتامدەك ئادەم ئىكەنسىز، شۇڭا نالايىق سوۋغامنى تەقدىم قىلىشقا ئۇيىلىپ قالدىم، — دەپتۇ هېلىقى ئادەم.

— قېنى، كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ هېكىماخۇن.

هېلىقى سودىگەر قويىنىدىن توننى ئاپتۇ، بۇنى كۆرگەن هېكىماخۇن رەختىنىڭ ئېسىللىقىغا، تىكىلىشىنىڭ سىپتىلىقىغا هەيران قاپتۇ.

— مۇشۇنىڭغا خىجالەت بولدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ تەقسىر، — دەپتۇ هېلىقى سودىگەر ۋە تونىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ، هېكىماخۇن ئۇ سۈرەتنى كۆرۈپلا:

— ئوغلۇم، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ شەهەرنىڭ پادىشاهىنىڭ قىزى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ هېلىقى سودىگەر.



— هە - هە، — دەپتۇ هېكىماخۇن، — ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق هۆسندار بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئاپىرىن! رەهمەت ئوغلۇم، دۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يايىڭىز زىيادە بولسۇن، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن...!

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلى بىر ئىش بىلەن ئامبارغا كىرىپ ھېلىقى قىزىل تونىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تونىنى قولىغا ئېلىپ ھەيران بولۇپتۇ، ئۇنى بىر قېتىم قېقىۋېتەي دەپ، شۇنداقلا سىلكىشىگە، يانچۇقىدىن ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى يەرگە چۈشۈپتۇ، ئوغۇل شۇ ھامان قىزغا ئاشىق بولۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ساماندەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ، ئولتۇرغان يېرىدە خىيال سۈرۈپ، يۈرىكى ئوت بولۇپ، ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ...

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ھېكىماخۇن خوتۇنىنى چاقىرىپ:

— خوتۇن، ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئالدى چوڭ بولۇپ قالدى، ھېلىقى سودىگەر سوۋغا قىلغان تونىنىڭ يانچۇقىدىكى پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتسەك، قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— پادىشاھ ئۇنارمۇ؟ يا «سەن گادايلار مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى ئەۋەتىشكە قانداق پېتىندىڭ» دەپ بىرەر خېيىم - خەتەر يەتكۈزۈپ قويارمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.



— ئەنسىرىمە، ئەلچى ئەۋەتىپ تومۇرىنى تۇتۇپ باقمامدۇق، — دەپتۇ ھېكىماخۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بىر پىكىرگە كېلىپ،

لىپ، ياخشى بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋە-تىپتۇ. ئەلچى ئۈچ ئاي دېگەندە ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، ئوردىغا كىرىپتۇ. لېكىن پادىشاھ ئۇلارنى گادايدىن گادايغا سېلىپ ئوردىدىن قوغلىۋېتىپتۇ.

ھېكىماخۇننىڭ ئوغلى ئەھۋالنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ئىككى ئىنىسىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئاتا - ئانىسىدىن رازىلىق ئې-لىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئەسۋاب - جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ قىزنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئور-دىسى يېنىدىكى بىر كىشىنىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. ھويلىدىن تۆت ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ ئۆيدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى بازادىن بوياق، قەغەز سېتىۋېلىپ گۈل ياساپتۇ. بۇ گۈلنى سېتىپ كېلىش ئۈچۈن، سارايۋەنگە تاپشۇر-غاندا، ئۇ بۇ گۈلنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قېلىپ:

— بالىلىرىم، بۇنى قانچىگە سېتىپ كەلسەم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ گۈلنى ئون تىللاغا سېتىڭ، ئەگەر ئارتۇق ساتسىڭىز ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — دەپتۇ.



سارايۋەن ئۇنى بازارغا شۇنداق ئەكىرىش بىلەن كىشىلەر ھەر تەرەپتىن «مەن ئالىمەن، مەن ئالىمەن» دې-يىشىپتۇ. ھەش - پەش دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



گۈچە سارايۋەن ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىپ، ئون بەش تىللاغا سېتىپ، ئون تىللانى ئۈچ ئوغۇلغا ئايرىپ بېرىپتۇ.

— ئوغۇللىرىم، بۇ ھۈنەرنىڭلارغا خەلقئالەم ھەيران قالدى، ياساپ بەرگەن گۈللەر تالاشتا قالدى. ئامال قىلىپ ماڭا كۆپرەك ياساپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تۈرلۈك مەنزىرىلەرنىڭ، ئويۇن - تاماشىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ، سارايۋەنگە بېرىپتۇ. سارايۋەن شۇ ھامان سېتىپ ئاقچىسىنى باللارغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بازاردا كېتىۋېتىپ، سارايۋەننىڭ قولىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، دېگىنىگە سېتىۋېلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭمۇ سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ، شۇ زامات ۋەزىردىن سورىۋاپتۇ - دە، ئۆيىگە كېلىپ:

— قىزىم، سېنىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن زىننەتلىك نەرسىلىرىڭدىن بىرىنى تېپىپ كەلدىم، — دەپ ھېلىقى رەسىمنى ئېچىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق سۈرەت! بۇنى قەيەردىن ئالدىڭىز؟ بۇنى سىزغان كىم ئىكەن؟ — دەپ تېگى - تەكتىنى سوراپ كېتىپتۇ قىز.



— ۋەزىر بازاردىن ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ساڭا دەپ سوراپ ئېلىۋالدىم، بىراق

كىمنىڭ سىزغانلىقىنى سورىماپتىكەن، ــ دەپتۇ پادىشاھ.
ــ ۋاي، ۋەزىرنى چاقىرتساق، شۇ كىشىنى ئالدۇرۇپ كې-لىپ، يەنە كۆپ ئىشلارنى قىلدۇرساق، ــ دەپتۇ مەلىكە.
پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپ:
ــ بۇنى كىمدىن ئالغان ئىدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادى-شاھ.
ــ بىر سارايۋەندىن ئېلىۋىدىم، ــ دەپتۇ ۋەزىر.
ــ سارايۋەننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ قىزى.
ــ بىلىمەن، ئەگەر لازىم بولسا، هازىر چاقىرىمىز، ــ دەپ-تۇ ۋەزىر.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سارايۋەن قىزنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈ-لۈپتۇ. مەلىكە سارايۋەندىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
سارايۋەن ئاكا ـ ئۇكىلارغا مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ-تۇ.
ــ هە، ئەمدى قولغا چۈشۈردۇق، ــ دەپتۇ ئۇلار.
ئەتىسى چوڭى راسا يا-
سىنىپ، چاقماقتەك بولۇپ، مەلىكىنىڭ يېنىغا مېڭىپ-تۇ. ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا كېنىزەكلەر كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىر چاغدا چوڭ ئو-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



غۇل شۇنداق كېلىشكەن كېنىزەكلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، تۇپ-توغرا مەلىكىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە ئوغۇلنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپتۇ، ئۇڭ يېقىدىن ئورۇن بېرىپتۇ، ئۇنىڭ جامالىغا قاراپلا قاپتۇ. كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ كۆز ئۈزەلمەي، چۆرىسىدىن كېتەلمەي قاپتۇ. مەلىكە:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۈنەرۋەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— يەتمىش ئىككى تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك نەقىش، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ساز ۋە يەتمىش ئىككى تۈرلۈك يەر قېزىش ھۈنىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا كۆھقاپنىڭ سۈرىتىنى يىگىرمە خىل گۈل بىلەن چۈشۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— سىز ئۈچۈن جېنىمنىڭ بارىچە ئىشلەپ كۆرەي، — دەپتۇ يىگىت ۋە ئون كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ.

ئون كۈن توشقان كۈنى مەلىكىنىڭ كۆزى راۋاقتىن يولغا تىكىلىپ تۇرغاندا، يىگىت ئىككى ئىنىسى بىلەن سارايۋەننى ئەگەشتۈرۈپ سىزغان رەسىم ۋە گۈللىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇلارنى مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپتۇ. چايدىن كېيىن، ئۇلار سىزىپ كەلگەن گۈل-



لەرنى ئىچىپ، قاتىرىسىغا تىزىپ، قىزلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ھەيران بولۇپتۇ، كېنىزەكلەر «مۇنۇ مېنىڭ، مۇنۇ مېنىڭ» دېيىشىپ كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ.

بىر چاغدا يىگىتلەرنىڭ ئاكىسى كۇھنقاپنىڭ سۈرىتىنى شۇنداق بىر ئاچقان ئىكەن، بارلىق قىزلار «ۋىييەي، ئاپىرىن...!» دېيىشىپلا سۈرەتكە قارىغىنىچە قېتىپلا قاپتۇ. مەلىكىمۇ ئەقلىدىن ئازغاندەك، بىر سۈرەتكە، بىر يىگىتكە قاراپلا قاپتۇ. سۈرەت شۇنداق ئىشلەنگەنكى، باغ، تاغ ئىچىدە نەچچە مىڭ تۈرلۈك گۈل، گۈللەر ياقىسىدا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈت تۈپ چىنار، چىنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىپاڭ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتمىش ئىككى خىل ئەتىرگۈل، گۈل ئۈستىدە بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، چۆرىسىدە مەرۋايىتتەك سۇلار ئېقىپ تۇرغان. شىپاڭغا زىلچە ـ گىلەم سېلىنغان، بىر تەرىپىدە كېنىزەكلەر ئولتۇرۇشقان، بىر تەرىپىدە ساز، نەغمە ـ ناۋا قايىنىغان، ئوتتۇرىدا بولسا مەلىكە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈش ئىكەن.

ـــ سىزنىڭ بۇ باھاسىز ھۈنىرىڭىزگە نېمە بېرىمەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ مەلىكە.



ـــ ھېچ نەرسە بەرمەيسىز. بۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمىز. ئەگەر خالىسىڭىز بىز سىزدىن ھېچ

www.uyghurkitap.com



نەرسىمىزنى ئايىمايمىز، ــ دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ چوڭى.

مەلىكە ھەممىنى چۈشىنىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىر پەس ساز چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. يىگىتلەر ساز باشلاپتۇ ـ دە، دەررۇ پەدىنى ئۇسسۇلغا يۆتكەپتۇ. ئويۇن ـ تاماشا، ئۇسسۇل بولغان يەردە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان مەلىكە بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىنىزەكلىرىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھېچقاچان ئوينىمىغان ئۇسسۇلنى ئويناپ كېتىپتۇ. بىر پەس ئۇسسۇلدىن كېيىن، يىگىتلەر قايتماقچى بولۇپتۇ. قايتىش ئالدىدا يىگىت مەلىكىنىڭ سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سوراپتۇ. مەلىكە دادىسىنىڭ ئوۋدىن كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ئامال بولسا، يىگىتتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دەپتۇ يىگىت، ــ توپتوغرا بىر ئايدا، بىز سىزنىڭ ياتىدىغان ئۆيىڭىزدىن تېشىپ چىقىمىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ھەر كۈنى كېچىسى قېشىمىزغا ئېلىپ چىقىپ كۆڭۈل ئاچىمىز، سىزچە قانداق؟ ــ دەپتۇ.



ــ جان دەپ باراتتىم، ــ دەپتۇ مەلىكە.

ئۇلار توپتوغرا بىر ئاي بولغاندا، لەخمىنى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر

جۇمە كېچىسى نەغمە قىلىپ، مەلىكىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، كۆ-ڭۈل ئېچىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، سارايدا بولغان نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇلنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپتۇ. بارا - بارا جۇمە ئاخشىمى سارايدا ئادەم قاينايدىغان بولۇپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئويۇننى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كىرىپ كۆرۈپتۇ. سەھنىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشنىڭ ھەيۋەتلىك-لىكى، نەغمە - ناۋانىڭ مۇڭلۇقلۇقى، قىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇ-نىڭ ئۇسسۇلىنىڭ ئەۋرىشىملىكى بىردىنلا ۋەزىرنى مەھلىيا قى-لىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بارلىق ئىشنى تاشلاپ، ھەر جۇمە ئاخشىمى سارايغا كېلىپ، ئويۇن كۆرىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر سارايدىكى ئويۇندىن پادىشاھنى خەۋەردار قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئويۇننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بىر جۇمە ئاخشىمى بارلىق ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. بىراق، ئۇمۇ ئۆز قىزىنى تونۇماي قىزغا مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ ۋە ھەر جۇمە ئاخشىمى بۇ ئويۇنغا بېرىشقا ئالدىراپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا مەھلىيا بولغىنى پۈتكۈل ئوردا ئەھ-



لىگە مەلۇم بولۇپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، راسا قىزىغاندا، پادىشاھنىڭ يې-نىدا ئولتۇرغان بىر يىقىنى ئۇنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سېزىپ قېلىپ، بۇنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ شۇ زامان ئوردىغا قايتىپتۇ. مەلىكە دەررۇ ئۇسسۇلنى توختىتىپتۇ ـ دە، لەخمە بىلەن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

پادىشاھ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىسا، مەلىكە دۇنيا ـ دىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان. شۇڭا ئۇ خاتىرجەم بولۇپ چىقىپ كې ـ تىپتۇ. يەنە بىر جۈمە كۈنى پادىشاھ خېلى بۇرۇنلا ئويۇنغا بې ـ رىپ، قىزغا راسا سىنچىلاپ قارىسا ئۆزىنىڭ قىزىدەك كۆرۈنۈپ ـ تۇ. ئۇ ۋەزىرنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ ئوردىغا مېڭىپتۇ. شۇ ھامان قىزمۇ ئۇسسۇلنى توختىتىپ، ھېلىقى يول بىلەن ئۆيىگە بېرىپ، جىم يېتىۋاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يەنە قايتىپ ئويۇنغا كەپتۇ. پادىشاھ كەلسە، قىز ئۇسسۇل ئويناۋاتقان. پادىشاھ ۋەزىر ـ دىن:

ــ مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇسسۇل بولۇپ تۇردىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ياق، سىلى كەتسىلە، ئۇسسۇل توختىدى. سىلى كېلىش ـ لىرى بىلەنلا ئۇسسۇل باشلاندى، ــ دەپتۇ ۋەزىر.



مەلىكە بولسا، بۇ قې ـ تىم ئادەتتىكى كىيىمى بى ـ لەنلا ئۇسسۇلغا چىقىپتۇ. پادىشاھ يەنە ئورنىدىن تۇر ـ غان پېتى ئوردىغا يۈگۈرۈپ ـ تۇ. پادىشاھنىڭ كىرىشى بى ـ



لەن تەڭلا مەلىكىمۇ يەر ئاستىدىكى ئىشىكتىن چىـ.
قىپ كەپتۇ.

ــ ھەي مۇناپىق! ــ دەپلا پادىشاھ قىزىنى قوغلاپتۇ. مەلىكە كەينىگە يېنىپلا قېچىپتۇ. پادىشاھ كەينىدىن چۈشۈپ يەر ئاستى يولىدا قوغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويۇن قويۇلۇۋاتقان يەردىن بىراقلا پەيدا بولۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ يىگىتلەرنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەنـ.
لىكىگە ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ۋەـ.
زىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

ــ بىز بۇ يىگىتلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باـ.
قايلى، ــ دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ سورىغان ئىكەن، بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋات دېگەن شەھەردىكى ھېكىماخۇن دېگەن ھۈنەرـ.
ۋەننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇچىلىسىنىڭ ھۈنەرۋەنلىكتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ قىزىنى سۈرىتىدىن كۆرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانـ.
لىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.



پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ ۋە ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈپ تۇرـ.
غۇچىلارمۇ يىگىتلەرنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپـ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com





تۇ. پادىشاھ قىزىنى يىگىت-
لەرنىڭ چوڭىغا بېرىپ، توي
- تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.
يىگىتلەر قىزنى ئېلىپ ئۆز
يۇرتلىرىغا كېتىپتۇ...

بىلقۇتجان بۇ چۆچەك-
نىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ۋەقەلىكلىرى كۆپ بولغاچقا، بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاللىقاچان پادىشاھلار دەۋرىگە قايـ-
تىپ، ئۈچ ئاكا - ئۇكا ھۈنەرۋەننىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى، سىز-
غان گۈل نەقىشلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ تېڭىرقىغان ھالدا:

— بوۋا، قەدىمدە ئاشۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەن ھۈنەرۋەن-
لەرمۇ ئۆتكەنمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بالام، ئۇ يىگىتلەرنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنىرى قانچىلىك ھۈنەر ئىدى، تېخى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھۈنەرلەر قەدىمدە كۆرمىڭ تېپىلاتتى. تېخى بەزى ھۈنەرلەرنىڭ تېگىگە ھازىرغىچە يېتەلـ-
مەيۋاتقان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇڭا بۇنىڭغا ھەرگىز ھەيران قالما. ھۈنەرگە ئىجتىھات قىلغاندىلا، چو-
قۇم كامالەتكە يەتكىلى بو-
لىدۇ. ھېكماخۇننىڭ ئۈچ



ئوغلىمۇ ھەر خىل ھۈنەرلەرنى قېتىرقىنىپ، ئىجتىھات قىلىپ ئۆگەنگەچكە، ئاخىر «ھۈنەر ـــ تېرىساڭ ئۈنەر» دېگەندەك كامالەتكە يەتتى ۋە ھۈنىرىنىڭ شاراپىتىدىن مۇراد ـ مەقسەتلىرى ھاسىل بولدى.

ـــ بوۋا، ھۈنەرنىڭ يەنە قانداق خاسىيەتلىرى بار؟

مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ـــ ھۈنەرنىڭ خاسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، سەن قەيەرگە بارما، ئۇ سەن بىلەن بىللە بولىدۇ، ئېغىر كۈنلىرىڭدە ئەسقاتىدۇ. مەسىلەن، سېنى مەلۇم بىر يۇرتقا بېرىپ قېنىپ قالدى دەيلى، ئەمما سەندە تىككۈچىلىك ھۈنىرى بار، بۇ چاغدا سەن بىرەر كىشىنىڭ كىيىمىنى ياراشتۇرۇپ تىكىپ بەرسەڭ ھەم قورسىقىڭ توپىدۇ ھەم كىرىم قىلالايسەن، ئەگەر داڭقىڭ چىقىپ كەتسە ئىش تېپىمۇ باشقىچە بولىدۇ. ھۈنەر كىشىلەرنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىدۇ، تۇرمۇشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. سەندە بىرەر ھۈنەر بولسىلا، ھەرگىز خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالمايسەن، ئۆزۈڭنىڭ ھالال مېھنىتىڭگە تايىنىپ جېنىڭنى جان ئېتىپ كېتەلەيسەن.



ـــ مەن ئەمدى ھۈنەرنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن چۈشەندىم، ـــ دېدى بىلقىۇتجان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com



— بايا ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتە بايان قىلىنغىنى ئادەتتى-
كى ھۈنەر توغرىسىدىكى چۆچەك، ئەمدى ساڭا كىشىنى تېخىمۇ
ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرلەر سۆزلەنگەن چۆچەكنى ئېيتىپ
بېرىمەن. ئاڭلاپ ھەيران قالمىساڭ ھېساب ئەمەس.

— شۇنداقمۇ، بەك قىزىقارلىقمۇ؟

— شۇنداق، بۇ بىر مەشھۇر چۆچەك، بەك قىزىق، ئاڭلىغان-
دىن كېيىن چاۋاك چالمىساڭ مانا مەن!



# ئېگەرچىنىڭ كەنجى ئوغلى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يا باشقا جايدا ياكى مۇشۇ ئورۇندا، تەكلىماكاننىڭ بېشىدا، ئىلچىنىڭ سەل تېشىدا بىر مەھەللە بولۇپتىكەن. شۇ ئادەملەر ئارىسىدا داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك سەكسەن ياشقا كىرگەن بىر ئېگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نە — نەلەرگە كەتكەن كىشى ئىكەن.

داۋۇت ئاخۇننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن توققۇز، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئېگەرچى بوۋاي ئون ئوغلىغا تەڭ كۆز بىلەن قاراپ، خوتۇنلىرىغا بولسا كەڭ كۆز بىلەن قاراپ، بالىلىرىنى غەشلىككە، خوتۇنلىرىنى كۈنداشلىققا قويماي تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. شۇغىنىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغلى ھۇرۇن، تېرىككەك، يېگىلى ئامراق، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان زېرىككەك؛ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇل زېرەك ھەم ئىشچان، كۆڭلى تۈز، ئوچۇق يۈز بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن. توققۇز چوڭ ئوغلى ئېگەرچىلىك ھۈنىرىگە بوش قىزىقىدىكەن، ھېلى قىلغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىدىن ھېلى ئېزىقىدىكەن. باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىگە چىدىماي كۆز قىزارتىدىكەن، تەييارتاپلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ھالال رىزقىغا قول ئۇزارتىدىكەن؛ كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، ھۈنەرگە — ھالاللىققا ھېرىس ئىكەن. دادىسى بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، داۋۇت ئاخۇن ئېگەرچى قېرىپتۇ، ئۆمۈر ئېتى ھېرىپتۇ... بوۋاي قازا قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى ئۆي - بىساتلىرىنى پوكىنىغا بېسىپ، كىچىك خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغۇلنى ھەر تەرەپتىن قىسىپ، خارلاپتۇ، كۆپ ئۆتمەي ئۆي ئايرىپ، ئۇلارنى كاتەكتەك بىر ئۆيگە پالاپتۇ.

چوڭ خوتۇن ۋە توققۇز ئوغۇل ئۇڭچە قالغاندىن كېيىن، ئىش قىلماي يېتىپ يەپ، يەر - زېمىنلىرىنى ئالغىنىغا سېتىپ يەپ، بىر يىلغا قالماي ئۆزى ئاق يەردە، پەللىكى داق يەردە قاپتۇ.

كىچىك ئوغۇل ئاتىسىدىن ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ئېگەرچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ جان بېقىپتۇ. توققۇز ھورۇن ھەپتىسىگە ئاران بىر دانە ئېگەر ياسىسا، ئۇ، يالغۇز ئۆزى توققۇز ئېگەر ياساپتۇ. شۇڭا ھۈنىرى كۈندىن - كۈنگە ئېقىپ، تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭ توققۇز ئېگىرى بازاردىن ئېشىپ قالماپتۇ، ئەمما چوڭ



ئوغۇللارنىڭ قول ئۇچىدىلا ياسىغان ئېگىرنى ھېچكىم ئالماپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان توققۇز ھۈرۈن بار يامانلىقنى ئىنىسىدىن كۆرۈپ، نېمە قىلىش ھەققىدە يوشۇرۇن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ، يامان غەرەز بىلەن چىشلىرىنى بىلىشىپتۇ. ئەتە بازار دېگەن كۈنى تۈن نىسپى بىلەن ئىنىسى ياتقان ھويلىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. تام تۈۋىگە قاتار تىزىپ قويۇلغان بىر - بىرسىدىن چىرايلىق توققۇز ئېگەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئوت يېقىپتۇ، ئەمدى بىز ئې- گىرىمىزنى ساتالايمىز، دەپ ئويلاپ، خۇشلۇقىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

ئەتىسى ئىنىسى قارىغۇدەك بولسا ئېگەرلىرى يوقمىش، «بۇنى قىلغان چوقۇم ئاكىلىرىم» دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ گەپ قىلماپتۇ. ئۆيدىن بىر تاغار ئېلىپ چىقىپ، كۈل ئىچىدىن كۆمۈرلەرنى خىللاپتۇ. ئۇنى تاغارغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىدىن ئارغامچا بىلەن چىڭ تارتىپ، بازارغا راۋان بولۇپتۇ.

شۇ شەھەردە پۇل دېسە جان بېرىدىغان، بىر پۇلنى «ئانام»، يەنە بىر پۇلنى «دادام» دەيدىغان ئاچ كۆز بىر باي بار ئىكەن.



كەنجى ئوغۇل ئاشۇ باينىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپ- تۇ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قو- يۇۋېتىپ: «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن. ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پۇلغا ئامراقلار بۇنى دەرھال سېتىۋالسۇن...!» دەپ توۋلاپتۇ.

كەم ئەقىل، ئاچ كۆز باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن سىرتقا چىققىچە نەچچە يىقىلىپ ـ قوپۇپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئاستا پىچىرلاپ سوراپتۇ:

ـــ تاغىرىڭدىكى نېمە؟

ـــ دىدىمىغۇ، كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، بۇ تاغارغا قاچىلانغىنى ئەسلىي ئوتۇن، ھازىر كۆمۈردەك كۆرۈنىدۇ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئاغزىنى ئاچساڭ بۇ كۆمۈر ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئالاي دېسەڭ ساڭا مىڭ تىللاغا ساتىمەن، بولمىسا ئېشىكىمنى ھەيدەپ قايتىمەن، ـــ دەپتۇ بالا.

بۇ گەپ كالتە پەم باينى قىزىقتۇرۇپتۇ. «ئالتۇن» دىگەن گەپ ئەقلىدىن يەنىمۇ ئېزىقتۇرۇپتۇ. «باشقا بىر كىم ئېلىۋالمىغىدى» دەپ ئەنسىرەپ تۆت تامغا بېقىپتۇ، ئاندىن كەنجى ئوغۇلنى ئىز ـ زەتلەپ، دولىسىغا قېقىپتۇ. ھەرقانچە پىخسىق، ئاچ كۆز بولسىمۇ بىر تاغار «ئالتۇن» نىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ، شۇڭا باھاسىنى تالاشماي دېگىنىگە ئاپتۇ، كۆمۈر بايغا قاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل مىڭ تىللانى يانچۇقىغا ساپتۇ. ئۇ مال بازىرى ـ دىن يارامىلىق ئىككى قېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرى ـ دىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش بازىرىدىن يېرىم سان گۆش ئاپتۇ.



چوڭ خوتۇنىدىن بولغان

توقفۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا، ئىنىسى ئىككى قېچىرغا مال يۈكلەپ، ناخشىسىنى بولۇشىغا توۋلاپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇ ھالدىن گاڭگىرىغان پىتى بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىپتۇ. ھەيرانلىقنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپتۇ. ئاردىن بىرسى، ئارقىدىن ھەممىسى چىقىپ يولنى توسۇپتۇ، يالغاندىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە «بۇنچە نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ قىستاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى، قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل ـ مالنى ئاكىلىرىغا يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيىگە چىقىپ بىر ھەپتىدىن بۇيان ياسىغان توقفۇز ئېگىرىنى يىغىپ ئوت قويۇپتۇ. كۆيۈپ چوغ بولغاندا ئۇستىگە سۇ قۇيۇپتۇ. چوغ كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ. كۆمۈر تاغارغا جايلىنىپتۇ. توقفۇز ھۇرۇن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا قەدەملىرى ھېلىقى كۆ ـ مۈرنى «ئالتۇن» دەپ سېتىۋالغان كەم ئەقىل، ئاچ كۆز باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپتۇ.

بۇ چاغدا باي ئالدانغىنىدىن غەمگە چۆمۈپ، مىڭ تىللانىڭ دەردىدە تىنىماي ياش تۆكۈپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك پىرقىراپ، پىچاق تەگكەن توپاقتەك ۋارقىراپ يۈرگەن ئىكەن. «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلىغان باي ئۆيىـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇلارنى ئۇرۇپ ـ سۆرەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. قازى توققۇز ئوغۇلنى قىرىق دەررە ئۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئوڭ ـ تەتۈر قىلىپ بار يوقىنى بايغا تاپشۇرۇپتۇ. ھەتتا مىنىپ بارغان ئېشەكلىرىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

تاياق دەستىدىن ئۇستىخانلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، مال ـ بىساتىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئىچ پۇشۇقىدا مەست ـ ئەلەستەك بولۇپ قالغان توققۇز ئوغۇل دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىنىمۇ ئويلىماي مەھەللىسىگە كېلىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيانغا بېقىپتۇ. تاپالماي جىلە بولغىنىدىن ئىنتىقامىنى ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئېلىپ، بىچارىنىڭ گېلىنى غىققىدە سىقىپتۇ.

بىر چاغدا، كەنجى ئوغۇل تۈگمەندىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، ئانىسى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر» قىلىپ ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ. بىر ھازا ئويلىغاندىن كېيىن، ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ...



ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ، ئانىسىغا كېلىنچەك قىلىپ ياساپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تۇرۇپ پەرداز قىپتۇ. ئاندىن كېيىن قىچىرغا ئاۋايلاپ مىندۈرۈپ، يېقىلىپ كەتـ-

مەسلىكى ئۇچۇن قولتۇقىنى ئىككى ئاچىغا ئىلدۇرۇپ، سەھرا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇ سەھرادا ناھايىتى پىخسىق، گەپلىرى سىبىسىق، كۆزلىرى قىسىق، ئاچچىقى يامان بىر باي ئالتە مولۇق يەرگە خامان ياساپ بۇغداي يېيىپ تۇرغان ئىكەن. كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۇرگەن قىچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا سەل يىراقتىكى بىر كالتە تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. قىچىر بۇغداينى كورسۇلدىتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە يۈگۈرۈپتۇ ۋە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن قىچىر ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. مەرھۇم يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل كالتە تامنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ «ۋاي ئانام» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

باي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ، كەنجى ئوغۇل «ئانامنى تۆلە» دەپ باينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. خۇن دەۋاسى قىلىمەن دەپ قازى قېشىغا سۆرەپ، بولۇشىغا داۋراڭ سالپتۇ.



باي كەنجى ئوغۇلغا بىر ھازا يالۋۇرۇپتۇ. ئاندىن ئىككىسى سۆزلىشىپ، باينى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قازىنىڭ قېشىغا سۈرىمەيدىغان، كەنجى ئوغۇلىمۇ بۇ ئىشنى بىر كىمگە دېمەيدىغان، باي يىگىرمە تاغار بۇغداي، يىگىرمە ئېشەك، ئىككى مىڭ تىللا نەق پۇل بېرىدىغان، جەسەتنى كەنجى ئوغۇل ئاستىلا ئاپىرىپ كۆمىدىغانغا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسى ئاش بىلەن ئېشەككە، يانچۇقى پۇل - پوچەككە تولۇپ كەتكەنمىش. ئۇلار كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ:

— ئەسسالام ئىنىم، بۇنچە مال - دۇنيانى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— كېچىدىن ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، ئانام رەھمەتتى تۇ-يۇپ قېلىپ جەڭلىشىپتۇ، ئاياللىقىغا باقماي ئېلىشىپتۇ، بەللى-شىپتۇ، ئوغرى ئانامنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۇگ-مەندىن كەلسەم بىچارە ئانام ئۆلۈك پېتى يېتىپتۇ. ئانامنى قې-چىرغا ئارتىپ ئارغامچا بىلەن چىگىپ، مەھكەم تارتىپ بازارغا باردىم. «ئانا گۆشى ئالىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدىم. نەق پۇ-لى بارلار تىللاغا، پۇلى يوقلار ئېشەك ۋە ئاش - تاغارغا تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ مال - دۇنيا «ئانا گۆشى» ساتقان پۇلغا كەلگەن.



توققۇز ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ، ئەخمەق-لىقىدىن يالغاننى راست دەپ

بىلىپتۇ. تۈزۈك بىر مەسلىھەت قىلىشا ـ قىلمايلا ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ئانىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېشەككە تېڭىپ، سەھەر مېڭىپ بازارغا بېرىپ «ئانا گۆشى ساتىمىز» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپتۇ، ئۇنلىرى پۈتۈپتۇ، دەرمانى كېتىپتۇ، ۋاقىت كەچ پېشىندىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھېچكىم «ئانا گۆشى» سېتىۋالماپتۇ، ئەكسىچە، بۇلارنى «ساراڭ» ئىكەن دەپ چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى مەسخىرە قىلىپتۇ. چالما ـ كېسەك ئېتىپ، لاي چېچىپ بازاردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

توققۇز ئوغۇل دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي غالجىرلىشىپتۇ. كەچتە مەھەللىسىگە كېلىپلا ئىنىسىنى تۇتۇپ تاغارغا سولاپ، ئېشەككە ئارتىپ دەرياغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ماڭا ـ ماڭا بىر يەرگە بارغاندا، ماغدۇرى كېتىپ راسا ھارغاندا، ئېشەكنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.



كەنجى ئوغۇل تاغارنىڭ ئىچىدە يا ياتالماي، يا قوپالماي قىينىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ تۇرغاندا، يېقىنلا بىر يەردىن قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئىككى ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ھايال ئۆتمەي بۇ ئاۋازلار ئېشەك-
نىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ.

— كىمنىڭ ئېشىكىدۇ، بۇ، ئۇستىدە يۈكىمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ بىرسى.

— بىزنىڭ رىزقىمىز ئىكەن، ھەيدە ئېشەكنى، — دەپتۇ يە-
نە بىرسى.

بۇلارنىڭ پارىڭىدىن تاغار ئىچىدىكى كەنجى بۇ ئىككى ئادەم-
نىڭ بىرسىنىڭ باي، يەنە بىرسىنىڭ قويچى مالاي ئىكەنلىكىنى پەم قىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كال-
لىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. پۇرسەتنىڭ بارىدا بىردەم سىناپ باق-
ماقچى بولۇپ «ئەھە - ئەھە...!» قىلىپ يۆتىلىپتۇ.

يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈگەن باي:

— كىم سەن؟ تاغارنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل:

— كىم بولاتتىم، ھاكىم بولمايمەن دەپ مەنسەپتىن قېچىپ تاغارغا كىرىۋالغان ئادەممەن... ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپ-
نى ئاڭلىغان باي:



— شۈكۈر، ئۇزاقتىن بېرى مەنسەپ تاما قىلىپ قىلغان ئىلتىجالىرىم ئىشقا ئاشىدىغان چاغ بوپتۇ، — دەپتۇ - دە، تاغارنى ئې-
شەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، كەن-

جى ئوغۇلنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ.

— سۆزلە، — دەپتۇ باي، — كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قىستىدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟

كەنجى ئوغۇل:

— تۈنۈگۈن ئۆيدە ئولتۇرسام، بىر توپ ياساۋۇللار كېلىپ، «سىزنى شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلماقچى، مەيگە چىقىڭ» دەپ كەپتۇ، مەن «تىنچقىنا تىرىكچىلىكىمنى قىلاي، مەنسەپ تۇتۇشنى بىلمەيمەن» دەپ بىر كۈن يالۋۇردۇم، ئۇلار «پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» دەپ زادى ئۇنىمىدى، ئاخىرى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭدى. ياساۋۇللار مۇشۇ يېقىندا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

باي ناھايىتى مەنسەپپەرەس، تاماخور ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بىرەر مەنسەپ ئېتىغا مىنگۈسى بولسىمۇ، ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن. شۇڭا:

— ئەي ئەخمەق، مانا، ئالدىڭدا تۇرغان ئىككى يۈز قوي، ئەنە مالچى، مەن ھاكىم بولۇشقا رازى، ئىككىمىز مالنى مەنسەپكە، مەنسەپنى مالغا تېگىشەيلى، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.



كەنجى ئوغۇل بىلەن مالچى ھېلىقى باينى ئەپلەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چىگىپ، ئېشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولغا راۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بوپتۇ. توققۇز ئوغۇل باينى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

قويچى مەنسەپپەرەس، ئاچ كۆز بايدىن قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل ئىككى يۈز قويلۇق بولغىنىغا خۇش بولۇپ، خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل ئورنىدىن ۋاقچە تۇرۇپ، كەنجى ئوغۇلدىن قۇتۇلدۇق دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تالاغا چىققۇدەك بولسا، ئەتراپنى بىر پادا قوي لىق ئاپتۇ. ئۇلار كەنجى ئوغۇلنى يەنىلا ھايات ھالىتىدە كۆرۈپ «ئاللا ـ تۇۋۋا» دەپ داد ساپتۇ.

— ئۆلمىدىڭمۇ؟ بۇ قويلارنى نەدىن ھەيدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

— ياق، ئۆلمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل، — بۇ قويلارنى سىلەر مېنى تاشلىۋەتكەن دەريانىڭ تېگىدىكى يايلاقتىن ھەيدەپ كەلدىم.

— ئاران مۇشۇ قويلارلا بارمىكەن، ياكى...

ئاكىلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، بەتنىيەتلىكىدىن تويغان كەنجى ئوغۇل كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ، چاندۇرماي مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي ئاكىلىرىم، ئۇ يەردە پادا ـ پادا قويلار، قوتان ـ قوتان ئۇيلار، ئىشقىلىپ ھەممە نېمە بار ئىكەن، — دەپتۇ.



— جېنىم ئۇكام، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزگە شۇ يەرنى كۆرسىتىپ قويغان

بولساڭ، سىنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال ـ چارۋىلىق بولۇپ قالغان بولساق ...

ـــ ماقۇل، ـــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، ـــ يۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە قوي بار يەرنى كۆرسىتىپ قوياي.

توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپتۇ. ئۇلار كۆرۈپتۇكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوي ـ قوزىلار مەرىشىپ تۇرغىدەك. بۇ ئەسلىي كەنجى ئوغۇل ھەيدەپ كەلگەن قويلارنىڭ سۇدىكى ئەكسى ئىكەن.

ـــ ئەنە، ـــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، ـــ قويلار مۇشۇ يەردە.

توققۇز ئوغۇل بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۈشۈپ كۆپرەك قوي ھەيدەپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئارقا ـ ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ ـ دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل خاتىرجەم ھالدا مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئېگەرچىلىك ھۈنىرىنى يېڭىباشتىن قولغا ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.



كەنجى ئوغۇلنىڭ ھۇنەردە كامالەتكە يەتكەن بولۇپلا قالماي، يەنە پەم ـ پاراسەتتىمۇ يېتىشىپ چىققانلىقى، ئاردا بولۇپ ئۆتكەن قىزىقارلىق ۋەقەلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





چۆچەك تىڭشىغان ئالاھىدە ئۇمۇرىستىكىلىقلىقى بار. قۇتجاننى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. ئۇ بىرھازا كۈلگەندىن كېيىن:

— بوۋا، مەن بەزى چۆچەكلەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئاخىرقى ۋەقەلىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتىم، ئەمما بۇ چۆچەككە كەلگەندە زادىلا پەرەز قىلالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىكلەر بەك قىزىقارلىقكەن، مەن خۇددى ئەپەندىمنىڭ كارتون فىلىمىنى كۆرگەندەك بولدۇم، — دېدى رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەپ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بىۋاپا توققۇز ئاكا ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ، ئاخىر ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشتى. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئەسلىدە ئۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى، ئەمما، توققۇز ئاكىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقتا ھەددىدىن ئېشىشى، ئارقا ـ ئارقىدىن زەھەرلىك قولىنى سۇنۇشى ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماسلىقى ئۇنى ئاخىر شۇنداق قىلىشقا قىستىدى. ۋاپاسىز ئاكىلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاراملىق تىن ئېلىپ،





ئاتا كەسپىنى نۇرلاندۇرۇپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ ئۆمۈر سۈرۈشكە باشلىدى. ئەي جېنىم بالام! ئاكىلىرى كەنجى ئوغۇلنىڭ ۋاپادارلىقىغا جاپا بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئەسلىدە ۋاپاغا ۋاپا قايتۇرغان بولسا، ئاتىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، ئاتا كەسپىنى تېخىمۇ بېيىتقان، ئەل ئارىسىدا شۆھرەت تاپقان بولاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلەرچە ئۆلۈمىنى ھەقلىق ئۆلۈم دېيىش كېرەك.

— مەن بىلدىم، — دېدى بىلقۇتجان بىردىنلا تېتىكلىشىپ، — ياخشى ياشاش ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق كېرەك ئىكەن.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق روناق تېپىشقا ئىنتىلىش، ھەرگىزمۇ تەييارغا ھەييار بولماسلىق، پېشانىسىدىن ئاققان تەر ئارقىلىق جېنىنى جان ئېتىشكە ئادەتلىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ھاياتتا چوقۇم ناھايىتى شېرىن بولغان بەختنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىزگە دەل مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



— ھۈنەرلىك، ئىلىملىك بولۇش، يەنە ئاق كۆڭۈل، سەمىـ
مىي، پەم ـ پاراسەتلىك بولۇش بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. مەن بۇلارنى يا-
دىمدا چىڭ تۇتۇۋالدىم، — دېدى بىلقۇتجان.

— مەن مۇشۇ تاتلىق گېپىڭ ئۈچۈن ساڭا بالىلارنى ھۈنەردە
زادى قانداق پوزىتسىيەدە تەربىيەلەش لازىملىقى ھەققىدە قىسقا
بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— قۇلىقىم سىزدە، بوۋا!



# سىناق

بۇرۇنقى زاماندا قول ئىلكىدە بار بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە بىلىم، ھۇنەردە كامالەتكە يېتىپ، ئەل ئىچىدە شان ـ شۆھرەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

ئوغلى ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، ئوقۇپ ئادەم بولسۇن، دەپ ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ، لېكىن بالا ياخشى ئوقۇماپتۇ. ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاتا بىرەر ھۇنەر ئۆگىنىپ، ئىشىنىڭ يولىنى بىلىۋالسۇن دەپ، ھۇنەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرى بالىنى يىراق شەھەردە تۇرىدىغان بىر ياغاچچى ئاغىنىسىگە شاگىرتلىققا بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى ئېلىپ ياغاچچى ئاغىنىسىنىڭكىگە كېلىپ:



— ئاغىنە، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم. ھۇنىرىڭنى ئوبدان ئۆگىتىپ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— مەن قەدىناس ئاغى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



نەڭ تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنى قىلالمايمەنمۇ؟! خاتىرجەم بولغىن، ئۆز بالامدەك كۆرۈپ ھۈنەر ئۆگىتىمەن! ــ ياغاچچى شۇنداق دەپ بالىنى ئېلىپ قاپتۇ.

بالىنىڭ دادىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ياغاچچى بالىغا:

ــ ئوغلۇم، ھۈنەرنى قاچانلا بولمىسۇن ئۆگىنىۋالالايسەن، بىر نەچچە كۈن ئارام ئالغىن، شەھىرىمىزنى سەيلە قىل، پۇل ـ پۇچەك لازىم بولسا تارتىنماي سورىغىن، ــ دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ياغاچچى بالىغا ئۆزى يېمىگەن تائاملارنى يېگۈزۈپ، كىيمىگەن كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ھېچقانداق ئىشقا سالماپتۇ، بالىنى ئويۇن ـ تاماشىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ھايت ـ ھۇيت دېگىچە ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بالا:

ــ ئۆيۈمگە بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى يوقلاپ كېلەي، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداق قىل بالام، ــ دەپتۇ ئۇستىسى ۋە ئۇنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بالا ئۆيگە كەپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، تاماق ئۇستىدە دادىسى ئۇنىڭدىن ھۈنەرنى قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا ھۈنەر ھەققىدە ئانچە گەپ قىلماي، يېگەن ـ ئىچكەن، ئوينىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن دادىسىنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۇنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن:



— بالام، داستىخاندىكى ئاۋۇ پارچە نانلارنى تۆكۈۋەت، — دەپتۇ. بالا گەپ - سۆز قىلمايلا پارچە نانلارنى تالاغا تۆكۈۋېتىپ كىرىپتۇ.

دادىسى: ھەي... بۇ تېخى ئەمگەكچىنىڭ، ناننىڭ قەدرىنى بىلمەپتۇ، ئاغىنەم ئۇنى ياخشى تەربىيەلىيەلمەپتۇ. باشقا بىرسىگە ھۈنەرگە بېرەي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنى باشقا بىر شەھەردە تۇرىدىغان تۆمۈرچى ئاغىنىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

تۆمۈرچىمۇ خۇددى ياغاچچى ئويلىغاندەك ئويلاپ بالىنى ئوبدان كۈتۈپتۇ. ھېچقانداق ئىشقا سالماپتۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بالا يەنە ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. بالا ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، دادىسى ئوغلىنى ئاۋالقىدەكلا سىناپ بېقىپتۇ. ئەھۋال ئوخشاشلا بوپتۇ. ھە، ھەر ئىككى ئاغىنەم بالا تەربىيەلەشنى ئۇقمايدىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ بۇ ئادەم، — ئەمدى يېزىدىكى دېھقان ئاغىنەمگە تۇتۇپ بېرەي، بالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتسۇن. ئۇ بالىسىنى يېزىدىكى دېھقان ئاغىنىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.



دېھقان بالىنى ئېلىپ قېلىپ، ئەتىسى سەھەردە ئويغىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— تۇر بالام، دېھقان دېگەن ھەرگىز كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ ياتمايدۇ، چاي

www.uyghurkitap.com





ۋاقتىغىچە بىر ئاز ئىش-
لىۋالايلى، — دەپتۇ.
بالا چاي ۋاقتىغىچە
ئىشلەپ، قورسىقى ئېچىپ،
ئۆيگە ئارانلا ئۇلگۇرۇپتۇ.
قارىسا داستىخاندا ساپلا
زاغرا نان تۇرۇپتۇ.

— قېنى بالام، چۈشكىچە قورسىقىڭ ئېچىپ قالدۇ، قور-
سىقىڭنى تويغۇزۇۋال، — دەپتۇ دېھقان.

— مەن زاغرا نان يەپ باقمىغان، بۇغداي نېنىڭىز يوقمۇ؟ —
دەپتۇ بالا.

— يەپ باقمىغان بولساڭ، ئەمدى يېيىشنى ئۆگىنىسەن، —
دەپتۇ دېھقان، — قېنى، كۆپرەك يە. بۇغداي ناننى بۇغداي پىش-
قاندا يەيمىز.

بالا ئىلاجسىز يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېھقان بالىنى ئاغى-
نەمنىڭ بالىسى دەپ ئەتىۋارلىماي، ئالدى بىلەن ئۇنى تاماق تال-
لىمايدىغان، جاپالىق ئىشلەپ، ئاددىي - ساددا ياشايدىغان قىلىپ
چىقىپتۇ. ئۆزى نېمىنى يې-
سە، بالىغىمۇ شۇنى بېرىپ-
تۇ. كۈن چىقماستا ئىشقا
ئېلىپ چىقىپ، كۈن پاتقاندا
ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. بالا ئا-
خىرى تېرىقچىلىقتىن تار-





تىپ يىغىمغىچە بولغان
ھەممە ئىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.
ئۈچىنچى يىلى كۈزدە
دېھقان بالىغا بىر قۇر يېڭى
كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ:
— بۇ كىيىملەر سەن
تېرىغان ئاشلىقنىڭ پۇلىغا
كەلدى. بۇ ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسى. ئەمدى ئۆيۈڭگە بېرىپ،
ئاتا ـ ئاناڭنى كۆرۈپ كەلگىن، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بالا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى ئاۋۋالقىدەكلا
ئۇنى سىناپ:

— بالام، ماۋۇ پارچە نانلارنى تاشلىۋەتكىن، — دەپتۇ غىزا-
دىن كېيىن.

— نېمە دەۋاتىسەن دادا؟ — دەپتۇ بالا كۆزلىرىنى چەكچەي-
تىپ، — بۇ ئاپپاق بۇغداي ناننى نېمە دەپ تۆكۈۋېتەتتۇق، كېيىن
يەيمىز.

— ئۆتكەن قېتىمدا گەپ قىلماي تۆكۈۋەتكەن ئىدىڭغۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ دادىسى كۈ-
لۈپ.



— ئۇ چاغدا مەن بىكار
نان يەپ يۈرگەچكە، ئەمگەك-
نىڭ، ناننىڭ قەدرىنى بى-
لەلمىگەنمەن. بىز يەۋاتقان

نان، كېيىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەر نۇرغۇن تەرنىڭ بەدىلىگە كېلىدىكەن دادا، مەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدرى ـ گە ئەمدى يەتتىم.

ـــ بارىكاللا ئوغلۇم! ـــ دەپتۇ دادىسى سۆيۈنۈپ، ـــ ئەمدى ھەقىقىي ئادەم بوپسەن.

بالا كېيىن يەنە يېزىغا قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىـ رىغىچە دېھقانچىلىق قىلىپ ياشاپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەك تۈگىشى بىلەنلا بوۋىسىنىڭ چىرايىغا لاپپىدە بىر قاراپ، ئىتتىكلا بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. ئۇ كىـ چىك چاغلىرىدا ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرىدىن تاماق زايە قىـ لىش، پارچە نانلارنى ئىسراپ قىلىش، تاماق ئاشۇرۇپ قويۇشتەك ناچار ئادەتلىرىنىڭ بۇ چۆچەكتە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى گەپ ئۆزىگە دارىتمىلانغاندەك ھېس قىلىپ، خىجىل بولۇپ قالغان ئىدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ھەممىنى سېزىۋالدى ـ دە، ئارىدىكى كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:



ـــ ئادەم بالىسى تۇغۇ ـ لۇشى بىلەنلا ھەممە نەرسىنى بىلىپ، ئاڭقىرىپ كېتەلـ مەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيەلىشى نەتىـ جىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ،

نانىنىڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باللار ـ نىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى بەزى كەمچىلىكلىرىنى يۈزىگە سېلىـ ـ ۋەرمەسلىك كېرەك. ھەرقانداق ئادەم كىچىكىدە خاتالىق، كەمچى ـ لىكتىن خالىي بولالمايدۇ. مانا بىزلەرنىڭمۇ كىچىك چاغلىرى ـ مىزدا قىلىپ سالغان نۇرغۇن خاتالىقلىرىمىز بار. چوڭ بولغاندىن كېيىنلا تۈزىتىپ كەتتۇق. خاتالىق ھەر كىمدە بولىدۇ، تۈزەتسىلا ئۇ ياخشى ئادەم، ئەگەر تۈزەتمەي داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇنداق ئا ـ دەمنى يارامسىز ئادەم دەيمىز.

ـــ سىزدە قانداق خاتالىقلار سادىر بولغان؟ ـــ دېدى بىلقۇت ـ جان بىردىنلا جانلىنىپ.

ـــ مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدا نانىنىڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قەد ـ رىگە يەتمەي، بەزىبىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويغانىدىم. بىر قېتىم مەن ئاتا ـ ئانام بىلەن بىر شەھەرگە باردىم، يۈكىمىز بەك ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ قولىدا بىر پارچە نان بار ئىدى، ئۇ شۇنچە جاپا تارتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ناننى يا سومكى ـ سىغا سېلىۋالمىدى، يا بىر يەرگە قويۇپ قويمىدى. بۇ ھال مېنى بەك بىئارام قىلدى. مەن بىر چاغدا ئاپامغا ناننى بىر تامنىڭ بۇ ـ



لۇڭىغا قويۇپ قويۇشنى ئېيتتىم. ئاپام دەرھال: «ياق بولمايدۇ، بۇ دېگەن نان، شۇنچە جاپا تارتىپ تېپىپ ـ ىزە، تاشلاپ قويسەمنمۇ؟ بۇ بىزگە نىسبەتەن قىلچە جاپا



ئەمەس، نى ـ نى جاپالارنى
كۆرگەن بىز. نانىنىڭ قەدرد ـ
گە كېيىن يېتىسەن، ھازىر
مۇشۇ دېگىنىڭگە چوقۇم
پۇشايمان قىلىسەن» دېدى.
مەن ئۇ چاغدا ئوقۇش مۇنا ـ
سىۋىتى بىلەن بۇ شەھەردە
بىرنەچچە يىل ھايات كەچۈرمەكچى ئىدىم. مەن ئورۇنلىشىپ بول ـ
غاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانام يۇرتقا كېتىپ قالدى. ئېلىپ چىققان
نانلىرىمىز ئون نەچچە كۈندىلا تۈگىدى، ئاشخانىنىڭ تاماقلىرى
ئېغىزىمىزغا تېتىمايتتى. ھېلىقى كىچىك بىر پارچە نانغا زار
بولۇپ كەتتىم. كېيىن بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم، ئاتا ـ
ئانام بۇ ئىشنى خېلى ۋاقىتلارغىچە پۇرسەت بولسىلا دەيتتى.
ئۇلار مېنى خىجىل قىلىش ئۈچۈن بۇ گەپنى دېمەيتتى، پەقەت
ئىبرەت بولسۇن دەپ شۇنداق قىلاتتى، باللىرىڭغا سۆزلەپ بەر،
ئۇلارمۇ ئىبرەت ئالسۇن، دېمەكچى ئىدى. بۈنى بۈگۈن ساڭا سۆز ـ
لەپ بەردىم، سەنمۇ ئىبرەت ئال، بۇ سۆز بىزدىن ساڭا تەۋەررۈك
بولۇپ قالسۇن.



بىلقۇتجان تەسىرلەنگەن
ھالدا:
— مەن چۈشەندىم
بوۋا، بىر تال داننىمۇ قە ـ
دىرلەش، يېمەكلىكنى قەد ـ

رىگە يېتىشنى ياخشى ئۆگىنىۋالدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئىسراپ-
چىلىق قىلمايمەن، ئەسلىدە ئىسراپچىلىق ئاتا ـ ئانىغا ھاقارەت
كەلتۈرىدىغان، ئەجدادلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان، ناھايىتى نومۇس
ئىش ئىكەن. بۇنداق نومۇسلۇق ئىشنى مەن ئەمدى ھەرگىز قىل-
مايمەن، ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا، قۇلاق سال، كىشىلەر ئۆگەنمىگەن ھۈنەر
قانداق بولىدىكىن؟ ــ دېدى بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈچەك
باشلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كىشلەر ئۆگەنمىگەن ھۈنەر

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىر پادشاھنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر قىزى بار ئىكەن. پا ـ دىشاھ ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ، بۇ قىز بو ـ يىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئوردا ئەھلى پادشاھقا قىزىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. پادشاھ سەگەكلىشىپتۇ ـ دە، تېز ئارىدىلا ئوردا ئالدىغا ھەيۋەتلىك تەختى ـ راۋاق ياسىتىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە يۇرت ئەھلىگە: «كىم قىزىم ـ نىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىسە، قىزىم شۇنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ. بۇ خەۋەر شۇ كۈنىلا يۇرتقا تاراپ كېتىپتۇ. ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەم راۋاق ئالدىغا كېلىپ، قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، خوش كېلىپ، بوش قايتىشىپتۇ. بۇ خەۋەر تېخىمۇ كۆپ يۇرتلارغا تارقاپ، ئا ـ خىر چەت يېزىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ھۈنەرۋەن ئوغلى ـ نىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.



ھۈنەرۋەن يىگىت «يۇ ـ گۈرگەن قالار، بۇيرۇغان

ئالار» دەپتىكەن، مەنمۇ بېرىپ جاۋاب بېرىپ باقاي، دەپ ئويلاپتۇ ـ
دە، ئانىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ھۈنەرۋەن يىگىت ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئوردىغا يېتىپ بېرىپ-
تۇ. ئوردا ئالدىدا تۇرغان نۆكەرلەر بالىنىڭ تۇرقىغا قاراپ:

— ھە، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپتۇ.

— پادىشاھ قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىلى كەلدىم، —
دەپتۇ ھۈنەرۋەن يىگىت.

نۆكەرلەر ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئې-
لىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. كىبىرى ئۈستۈن پادىشاھ شۇمشەرەپ
تۇرغان بالىنى كۆرۈپلا، جۇدۇنى ئۆرلەپ، سېنىڭ كەشىگىنى ئۆ-
زۈملا توغرىلاي، دېگەن ئويغا كېلىپ:

— دەريانىڭ ئۇ قېتىغا تېرىق تېرىپ، بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئو-
رۇۋالدىم، ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ.

— دەريا ئەمەس، ئېرىق ئىكەن، — دەپتۇ يىگىت.

— قاتتىق تاشنى دەسسىۋىدىم، تېيىلىپ كەتتىم؟

— قاتتىق ئەمەس، سىلىق ئىكەن، — دەپتۇ يىگىت.

پادىشاھ ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال تاشلاپتۇ. يىگىت توغرا
جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇ-
نىڭ زېرەكلىكىنى بايقاپ،
نائىلاج قىزىنى تەختى ـ
راۋاقتا چىقىرىپ، بالىنى
كۆرۈشتۈرۈپتۇ.



قىز يىگىتنى كۆرۈپلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇ نېمىدى، نى ـ نى يىگىتلەرنىڭ ئېغىزىنى ئاچۇرمىغانمەن، دەپ ئويلاپ، خېلى قىيىن سوئاللارنى سوراشقا باشلاپتۇ. ھۆنەرۋەن يىگىت بارلىق سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرىپ، قىزنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماپتۇ. قىز يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلىپ-تۇ.

ئەمما پادشاھ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ، ھۆنەرۋەن يىگىتنى قىزنىڭ خىلى كۆرمەي، يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈپ:

ــ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدىن مېنىڭ ئۆيۈمگىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرىسەن، ــ دەپتۇ.

ھۆنەرۋەن يىگىتنىڭ بېشى تازا قېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ شەرتىنى قانداق بەجا كەلتۈرۈش ئۈستىدە ئويلاپ كېلىۋاتسا، ئاپ-پاق ساقاللىق، نۇرانە بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ. ئۇ بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ ھال سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ:

ــ ھە بالام، نېمانچە غەم ـ غۇسسىگە چۆمۈپ كەتتىڭ؟ ــ دەپتۇ. بالا بوۋاينىڭ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي بالىغا قاراپ:



ــ بېشىڭنى قاتۇرما، بۇنىڭ ئىشى بەك ئاسان، قۇم دۆڭگە بارىسەن، يان تە-رىپىدىن ئىككى يانچۇقۇڭنى تولدۇرۇپ قۇم ئالىسەن، ئاشۇ قۇمنى ئۆز ئىشىكىڭ-

دىن تارتىپ پادىشاھنىڭ ئىشىكىگىچە يولنىڭ ئىككى چېتىگە تەكشى چېچىپ بارسەن، ئاندىن بۇرۇلۇپلا ئارقاڭغا قارىساڭ، پادىشاھ دېگەن بوستانلىق پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھۈنەرۋەن يىگىت: سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ، دەپ ئويلاپ، ھېلىقى بوۋاي دېگەندەك قىلىپتۇ. دەرۋەقە، چېچىلغان قۇملار چېچەكلەپ، ئاجايىپ دەرەخلەر بوي تارتىپ، پادىشاھ دېگەندىنمۇ گۈزەل بوستانلىق ھاسىل بولۇپتۇ. ھۈنەرۋەن بالا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلىپتۇ:

— پادىشاھىم، دېگەنلىرىنى بەجا كەلتۈردۈم، چىقىپ كۆرۈپ باقسىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھۈنەرۋەن يىگىتنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي تالاغا چىقىپ قارىسا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزى دېگەندىنمۇ گۈزەل بوستانلىق پەيدا بولغان. بىراق پادىشاھ بوستانلىقنى كۆرمەسكە سېلىپ، يەنە لەۋزىدىن يېنىۋاپتۇ، يىگىتكە:

— سەن ئادەمزات بىلمەيدىغان بىر ھۈنەر ئۆگىنىپ كەل، ئاندىن قىزىم سېنىڭ ئەمرىڭدە بولىدۇ، — دەپتۇ.



ھۈنەرۋەن يىگىت خاپىلىقنى باسالماي: «بەرمەس قىزنىڭ سېلىقى ئېغىر» دېگەن شۇ ئىكەندە، دەپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەي يولدا كېتىۋاتسا، ھېلىقى بوۋاي يەنە يولۇقۇپتۇ. بوۋاي بالىدىن ئەھۋال سوراپتۇ. بالا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بالىغا ئەقىل كۆرسىتىپ:

— يىراق يۇرتتا بىر ئاشپەز بار، ئۇنىڭمۇ بىر قىزى بار، ئۆزىنىڭ قىرىق، قىزىنىڭ قىرىق بىر ھۈنىرى بار، بۇنى پادىشاھمۇ بىلمەيدۇ، سەن شۇلارنى تېپىپ ئۆگەن، ساڭا ئەڭ لازىمى قىزنىڭ قىرىق بىرىنچى ھۈنىرى، — دەپتۇ.

يىگىت مىڭبىر مۇشەققەتتە ئاشپەزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ئاشپەزگە شاگىرتلىققا كىرىپ ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولۇپتۇ. ئەمما ئاشپەز بىر يىلغىچە ئۇنىڭغا ھۈنەرنىڭ بىر بۇرجىكىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ. ئەكسىچە ئۇنى يەتكۈچە خارلاپتۇ.

دادىسىنىڭ زالىملىقىنى كۆرگەن قىزنىڭ ھۈنەرۋەن بالىغا ئىچى ئاغرىپ، بىر كۈنى دادىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن بۇ يەردە ئىنسان چەكمىگەن جاپانى چەكتىڭ، ئەمدى بۇ يەردىن كەت، — دەپتۇ ۋە ئوڭ قولى بىلەن ھۈنەرۋەن بالىنىڭ ئوڭ مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.



قىزنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەممە ھۈنىرىنى بالىغا تەقدىم قىلغانلىقىدىن بىشارەت ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بالا ئۆزىنى ئاجايىپ يېنىك سېزىپتۇ ـ دە، قېچىپتۇ.

ھۈنەرۋەن بالىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەردار بولغان ئاشپەز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئاشپەز ئىز بېسىپ كەلگەندە، بالا بىر دومىلاپ قورغوي بولۇپ ئۇچۇپتۇ، ئاشپەز قارچىغا بولۇپ قوغلاپتۇ. يېتىشىۋالاي دېگەندە، پەم بىلەن بىر موللاق ئېتىپ غا-يىب بولۇپ، قارچىغىنى ئاداشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ئۆز ئۆيىگە ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ.

ئانىسى كۆپ جاپا تارتىپ قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان بالى-سىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپتۇ. لېكىن يىگىت ئانىسىغا:

— ئانا، ياش تۆكمەڭ، بىزنىڭمۇ كۆكمىز كۆرپە بولۇپ، ئۇچىمىز ئۇزىرايدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، — دەپ تەسەللى بېرىپ-تۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھۈنەرۋەن بالا ئۇستىدە تۇخۇم توختىغۇدەك ئات بولۇپتۇ. ئانىسى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ ۋە ئات-نىڭ نوختىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئانىسى ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، بالىسى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆيىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ-تۇ، ئانا خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قاپتۇ. ھۈنەرۋەن بالا ئانىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن خورسىنىپ:



— ئانا، ئەته مەن بىر تۆگە بولاي، ئاپىرىپ سې-تىڭ، ھەرگىز نوختىنى بې-رىپ قويماڭ، — دەپتۇ.

ئۇ ئەتىسى دېگەندەك بىر سېمىز تۆگە بولۇپتۇ؛

ئانىسى ساتقىلى بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئانا بازاردا تۆگىنى تو-
تۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى ياۋۇز ئاشپەز كۆرۈپ تونۇپ قاپتۇ. بۇنى ئا-
نا بىلمەيدىكەن. ئاشپەزنىڭ قەستى تۆگىدىن كۆرە نوختىغا چۈ-
شۈپتۇ. ئۇ، تۆگىنى نوختىسى بىلەن قوشۇپ سۆزلىشىپ، ئاند-
نىڭ دېگەن پۇلىنى بېرىپ سېتىۋاپتۇ. ئانا تۇنۇگۈنكىدىن كۆپ
پۇل تېپىپ ئۆيگە كەلسە، ئوغلى كەلمەپتۇ. ئانا سىقىمدىكى
پۇلنى چېچىۋېتىپ، تۆگىنى ئالغان ئادەمنى ئىزلەپتۇ، بىراق تا-
پالماپتۇ.

ئاشپەز تۆگىنى ئۆيگە ئاپارغاندىن كېيىن، ھويلىنىڭ قاق
ئوتتۇرىسىغا چۆكتۈرۈپ قويۇپ قىزىنى چاقىرىپتۇ:

— قىزىم، ئايپالتىنى ئېلىپ چىقىڭ.

دادىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى تۇيغان قىز ئۆيگە كىرىپ، ئاي-
پالتىنى تىقىۋېتىپ تاپالمىغان بولۇپ چىقىپتۇ. ئاشپەز قىزىغا
تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، پالتا ئىزدەپ ئۆيگە كى-
رىپ كېتىپتۇ. قىز تۆگىگە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى بالا ئى-
كەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىگۇناھ قىيما - چىيما بولۇپ كېتى-
شىدىن ئەنسىرەپ:



— سەن قەھرى -
زەھرىڭ بىلەن «ھاپ» دەپ
ۋارقىرا، مەن «ئا... پا...»
دەپلا يىقىلاي، سەن غايىب
بول، — دەپتۇ.

تۆگە پۈتۈن كۈچىنى

يىغىپ «هاپ» دەپ ۋارقىراپ، ئېغىزىنى بىر غېرىچ ئېچىپ قات-تىق پۇرقىغان ئىكەن، هويلىنىڭ ئىچى توپا - چاڭغا تولۇپ، هېچنېمىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئاشپەز ئالاقىزادە بولۇپ هويلىغا چىققۇچىلىك تۆگە غايىب بولۇپتۇ؛ قىزى هوش-سىز بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئاشپەز قىزى بىلەن ئاۋارە بولۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ هۈنەرۋەن بالىنى «ئادەمزات بىلمەيدىغان هۈنەرنى ئۆگىنىپ كەل» دەپ قايتۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا قىزىنى بەرمەك بولۇپ توينى باشلىغىنىغا قىرىق كۈن بولۇپ، قىزنى يۆتكەپ كېتىشكە بىرلا كۈن قالغان ئىكەن. بۇ كۈ-نى پادىشاھ ئادىتى بويىچە يەنە مېهمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ «ئې-لىڭلار - بېقىڭلار» دەپ يۈرگەندە، ئۆينىڭ تورۇسىدىن چاقناپ تۇرغان بىر تال قىزىل گۈل چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ ئوڭ قولىقىغا قىسىلىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى گۈپپىدە گۈل پۇرىقىغا تولۇپتۇ. پاد-شاھمۇ، جامائەتمۇ بۇ ئىشقا هەيران بولۇپتۇ؛ بەزىلەر بۇنى: «توي-نىڭ شاراپىتى» دەپتۇ، باشقىلارمۇ كۆڭۈلنى خوش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ گۈلنى خاسىيەتلىك گۈل دەپ ئاززۇلاپ، قولىغا ئېلىپ پۇراپ ئولتۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ، هۈنەرۋەن بالىنى توي سىبلىقى بىلەن قايتۇرغانلىقىنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمەپتۇ.



گۈلنىڭ تەرىپى تۆگى-مەيلا، هېلىقى ئاشپەز ئون بارمىقىدا ئون خىل مۆك

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



چىقىرىدىغان سازەندىلەرنى باشلاپ پادىشاھنىڭ تويىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغىمۇ توي داستىخىنى ساپتۇ. داستىخان يىغىلىپ بولغاندا:

— پادىشاھىم، بۇ تويغا داخىل بولۇشنى ئويلاپ ئەلنەغمىچىلەرنى باشلاپ كېلىۋىدىم، رۇخسەت قىلسىلا ئۇلار بىردەم نەغمە-ناۋا قىلىپ، توي شادلىقىغا شادلىق قوشسا، — دەپتۇ ئاشپەز.

پادىشاھ رۇخسەت قىلىپتۇ. ئۇلار سازنى شۇنداق چېلىپتۇكى، سورۇندىكىلەرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قاپتۇ؛ سازچىلارنىڭ ماھارىتىگە پادىشاھمۇ ھەيران بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىلەر ئۇزۇن يول بېسىپ، قىزىمنىڭ مەرىكىسىگە كېلىپ، تەنتەنىنى ئاشۇردۇڭلار! مەندىن نېمە تىلەيسىلەر، — دەپتۇ. قانداق قىلغاندا كۆڭلىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلاپ تۇرغان ئاشپەز:

— بىز كۆڭۈل ئىزدەپ كېلىۋىدۇق، رەھمەت، — دەپتۇ، ئاشپەزنىڭ قەستىنى سەزمىگەن پادىشاھ، ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشنى قىيماي چىڭ تۇرۇپتۇ. ئاشپەز ئاجايىپ بىر قىياپەتكە كىرىپ:

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، كۆڭلىنى كۆڭۈلنىڭ تىلى دەيدىكەن، قولىڭىزدىكى گۈلنى... — دەپتۇ.



پادىشاھ ئاشپەزنىڭ گېپىنى مېنى مەنسىتمىگەنلىك دەپ خاپا بولۇپ، قولىدىكى گۈلنى ئاشپەز-

گىمۇ بەرمەي، يەرگە بىر ئۇرغان ئىكەن، گۈل يەرگە چۈشۈپلا پۇررىدە توزۇپ، تىرىق بولۇپ ئۆي ئىچىگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى پايلاپ تۇرغان ئاشپەز بىر قانات يېيىپلا چۈجىلىك توخۇ بولۇپ تىرىقنى تىرىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقە ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. توخۇ، چۈجىلەرنىڭ پوكىنى توشقاندىن كېيىن، نەچچە قات كۆرپە ۋە گىلەم ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بىر تال تىرىق كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىر دومىلاپ مۈشۈككە ئايلىنىپ «مىياۋ، مىياۋ، مىياۋ» دەپتىكەن، توخۇ چۈجىلىرى بىلەن ئالاقزادە بولۇشۇپ، پەي بولۇپ توزۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ پەي توزاڭلىرى ئىچىدە داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. مۈشۈك يەنە بىر دومىلاپ ئاجايىپ سۇمباتلىق بىر يىگىت قىياپىتىگە كىرىپ، سورۇندىكىلەرگە سالام بېرىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئادەمزات مۈشۈنداق ھۈنەرنى بىلەمدىكەن؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ چاغدىلا ئادەمزات بىلمەيدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن بالىنى يادىغا ئاپتۇ. بايىقى ئالامەتنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭمۇ توخۇ، چۈجىلەرگە ئوخشاش پەي بولۇپ توزۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئەمدى ۋەدىسىدىن يېنىۋالالماپتۇ. بولۇۋاتقان توينى بۇزۇپ، قىزنى ھۈنەرۋەن بالىغا بېرىشكە ماقۇل بولۇپتۇ.



پادىشاھ قايتىدىن قى-

-رىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، يالغۇز قىزىنى تۇل خوتۇن-نىڭ ھۈنەرۋەن ئوغلىغا بېرىپتۇ.

توي ئاخىرلىشىپ يەنە قىرىق كۈن ئۆتمەيلا، ھۈنەرۋەن بالا پادىشاھلىقنىمۇ قولىغا ئاپتۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئانىسىنى يېنىغا ئالدۇرۇپ، پادىشاھ خەزىنىسىدىكى دۇنيانى يېتىم - يې-سىرلارغا، نامرات - گادايلارغا تارقىتىپ بېرىپ، خەلقنى رازى قىلىپتۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا: «يىگىتكە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

بىلقۇتجان چۆچەك تۈگىگەن ھامان ئىتتىك بوۋىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ھۈنەر ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمدى بىلدىم، — دېدى ئۇ ماڭا، — بۇ ئۆمۈردە كېرەك بولىدىغانلىكى ھۈنەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىشلى-تىش كېرەك ئىكەن. بوۋا، ھۈنەرنىڭ قانچە كۆپ بولۇشى شۇنچە كۆپ بەخت يارىتامدۇ؟



مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ-غا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دې-دى:

— ھەي ئوماق قوزام! چۆچەكلەردە دېيىلىۋاتقان «ھۈنەر» سۆزى نوقۇل قول

ھۈنەرۋەنچىلىكنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ھەر خىل ئىلىمدە كاما-لەتكە يېتىشنى، كىرەكلىك ئىلىم، تېخنىكىلاردا پەللىگە يېتىش-نى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ھۈنەرلىك كىشىلەر-نىڭ خار بولمايدىغانلىقى، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىگە تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئېچىپ بېرىلىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىشتە بىر ۋە بىرنەچچە ھۈنەر بىر-لەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، تۇر-مۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۈنەرلەرنى قالدۇرماي ئۆگىنىش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش، شۇنداقلا كىشى-لەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

بىلقۇتجان بىر دەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بوۋا، ئويلاپ باقسام، ھۈنەر بىلەن ئىلىم ئاخىرىدا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەمدۇ - نېمە، مۇشۇ ھەقتە يەنە ئازراق سۆز-لەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپ ئۆتۈندى.

— بۇنى ياخشى سورىدىڭ، ئوماق قوزام! — مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — ھۈنەر ھەرگىز ئاڭسىز كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، ئۇ مەلۇم بىر خىل ئىلمىي ئاساسلارغا تا-يانغان ھالدا كېلىپ چىق-قان. مەسىلەن، ئورۇندۇقنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ تۆت



پۈتى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، بۇ قانداقتۇر فىزىكا ئىلمىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ ئىجاد قىلىنمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. كېيىن كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەلۇم نەرسىلەرنىڭ قانۇنىيىتى تېپىپ چىقىلغان، ئاندىن قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق يېڭى ـ يېڭى، مۇرەككەپ كەشپىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئاددىي قېيىق ياكى كېمىنى كىشىلەر بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ياساپ سۇدا يۈرگەن، ئەمما ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۇ ئەنئەنىۋى پېتى تەرەققىي قىلمىغان ھالدا تۇرغان، كېيىن پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كېمە پاراخوتقا تەرەققىي قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ سۇ ئاستى پاراخوتى، مۇز يارغۇچى پاراخوت، ئاۋىياماتكا قاتارلىقلارغا تەرەققىي قىلدى. ئاپتوموبىللارنى ھارۋىدىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن دېسەم ئىشىنەمسەن؟ كىشىلەر ھارۋىغا ئاساسلىنىپ ماشىنىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئاخىر ماشىنىنى ياساپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ماشىنا كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. مانا مۇشۇنداق سانائەت مەسۇلاتلىرىنى



ئىشلەپچىقىرىش ھەر بىرى بىر ئىلىم تۈرىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دائىرىسىگە كىرەتتى، مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ئىلىم بىلەن بىرلەشىپ كەتتى. شۇڭا، سەن ئەتراپىڭغا شۇنداقلا نەزەر تاشلىساڭ، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىگە تويۇنغان بىر دۇنيانى بايقايسەن، شۇندىلا، ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيسەن.

ــ مەن ئىلىم بىلەن ھۈنەرنىڭ ھېكمىتىنى مانا ئەمدى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم، ــ دېدى بىلقۇتجان سىپايىلىق بىلەن، ــ يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشۇمدا گەپ يوق. مۇھىمى مەندە ئىلىمگە ھېرىسمەن كۆڭۈل بولۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇ جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تىرىشىمەن.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى ۋە:

ــ ھەي كۆز نۇرۇم! بايا ھۈنەر توغرىلىق بىرمۇنچە سۆزلەشتۇق. ئەمدى يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم قانداق دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ جان دەپ قوشۇلىمەن! ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ۋە چۆچەكنىڭ مېغىزىنى چاق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھۈنەر ــ تېرىساڭ ئۈنەر

قەدىمكى كۈسەن شەھىرىدە كاتتا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق بىر ئوغلى بار بولۇپ، سودىگەر ھەمىشە: ئوغلۇمنى كەلگۈسىدە ئۆزۈمگە ئوخشاش داڭلىق سودىگەر قىلىپ تەربىيەلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن كارۋانلىرىم بىلەن قايسى شەھەرگە بارسام ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا پىششۇرىمەن، دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى سودىگەر ئوغلىنى ئېلىپ نۇرغۇن ماللار بىلەن يولغا چىقىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇلار بىر ئايدەك تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ مەزگىلدە سودىگەرنىڭ ئوغلى چۈشتىن بۇرۇن دادىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىپتۇ، چۈشتىن كېيىن سارايۋەننىڭ ئوغلى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈپتۇ. دەريا بويى قومۇشلۇق ۋە سۆگەتلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ چوڭىدىن كىچىككىچە ھەممىسى دېگۈدەك چويلا ـ بورا توقۇش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. سودىگەرنىڭ ئوغلى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش باللارنىڭ سۆگەت چىۋىقلىرىدىن چويلا توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ سارايۋەننىڭ ئوغلىغا:

— بىزدىن كىچىك باللارمۇ چويلا توقۇۋاتقان تۇرسا، بىزمۇ ئۆگىنىپ قويساق بىكارغا كەتمەس، — دەپتۇ ۋە ھەر كۈنى با-لىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلاردىن چويلا توقۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. سودىگەر ئېلىپ كەلگەن مال-لىرىنى سېتىپ، لازىملىق ماللارنى سېتىۋېلىپ، بۇ شەھەردىن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇز يەتتە كۈنلۈك مەنزىل ئىكەن. سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوتتۇز كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ، يەتتە كۈنلۈك يول قال-غاندا، بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار قورساقلىرىنى توقلاپ، ئات-ئۇلاغلارغا بوغۇز بېرىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا قونالغۇغا قاراقچىلار كېلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىپتۇ. بۇلاڭ-تالاڭدا سودىگەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئورمانزارلىققا كىرىپ مۆ-كۈۋاپتۇ. قاراقچىلار ئۇلارنىڭ مال ۋە ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. جېنى ئامان قالغان سودىگەر مال-مۈلۈكلىرىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپ يىغلاپتۇ. دادىسىنىڭ ھالىغا ئىچىنغان ئوغلى: «دادا، بۇنچىۋالا قايغۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. بو-لىدىغان ئىش بولدى، مەن سىزنى ئۆيىمىزگە يېتىپ بارغۇچە بې-قىپ كېتەلەيمەن» دەپتۇ. دادىسى:

— قېنى ئېيتىپ باققىنا ئوغلۇم، سەن مېنى نېمەڭ بىلەن باقالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق، مەن سىز بىلەن بىللە سودى-گەرچىلىكتە يۈرۈپ چويلا توقۇشنى ئۆگەنگەنىدىم. ھازىر بىز تۇرغان ئورماندا سۆگەت كۆپ ئىكەن. سىز چۈشۈق راسلاڭ، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چويلا توقۇيمەن. بىز مۇشۇنداق قىلىپ بىر مۇنچە چويلا توقۇپ، يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ ساتايلى، تاپقان پۇللىرىمىزغا يېمەك ـ لىك كېلىدۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۇرتىمىزغا بارالايمىز، ــ دەپتۇ.

ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى سودىگەرگە ياغدەك يېقىپتۇ ۋە چىۋىق راسلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇلار بىر كۈن ئىچىدە ئون نەچچە چويلا توقۇپ پۈتكۈزۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا ئاپىرىپ سېتىپ، تاپقان پۇللىرىغا يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋېلىپ، ئاخىر يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر يول ئۈستىدە بولغان ئەھۋاللارنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ بې ـ رىپتۇ. سودىگەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلار ئىككىيلەننىڭ مال ـ دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ھايات قالغانلىقىغا خۇش بولۇشۇپتۇ. ئولتۇرغانلار ئىچىدىن سودىگەرنىڭ تاغىسى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، سودىگەرنىڭ ئوغلىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئېيىـ تىشلارغا قارىغاندا، «پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ، ھۈنەر ــ تىرىساڭ ئۈنەر» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

بىلقۇتجان ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ بوۋا ـ بوۋا... دېمەك، ھەرقانچە ئەرزىمەس ھۈنەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەندە، ئۇ چوقۇم بىر كۈنى ئەسقاتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىپ.

مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دې ـ

دى:

— ئەي قەدىرلىك بالام! ئەڭ مۇھىمى، ئادەم ھەرقانداق كە-
سىپ - ھۈنەر ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلماسلىق، ئەمگەك قى-
لىش، تەر ئاققۇزۇشنى ئۆگىنىش كېرەك! ئەل - يۇرتنىڭ
راۋاجىمۇ ھۈنەرگە باغلىق. ئەڭ شەكسىز، ئەڭ مەززىلىك يېمەك-
لىكمۇ، كىيىم - كېچەك ۋە لازىمەتلىكلەرمۇ ھۈنەردىن ھاسىل
بولىدۇ. ھۈنەر پۈتمەس خەزىنە. ۋاقتى كېلىپ دۇنيا تاسادىپىي-
لىقلىرى تۈپەيلى كىشى مال - مۈلكىدىن ئايرىلسىمۇ، ھۈنەردىن
ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ. ھۈنەر ئادەمنىڭ دائىمىي ھەمراھى ۋە مە-
دەتكارىدۇر! دۇنيادا ئەڭ ناچار ۋە ئەڭ يامان ئادەتلەردىن بىرى ئۆ-
زى ئىشلىمەستىن، باشقىلارنىڭ ئىنئام - ئېھسانىغا تەمە كۆزىنى
تىكىپ ئولتۇرۇشتۇر. ھۈنەر ئىگىسى تەمەدىن خالىيدۇر. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ھۈنىرى بىلەن ھالال تېپىپ، ھالال يەيدۇ. ھۈنەرسىز،
ھۇرۇن ۋە ئىش خۇشياقماس كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولماسلىق
كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسىرى سىزگىمۇ يۇقۇپ قېلىشى
مۇمكىن. ھۇرۇنلارنىڭ دائىملىق پىكىر - خىيالى ئىشلىمەستىن
چوڭ - چوڭ يېيىش، چىرايلىق كىيىنىشتۇر. ئۇلار ھەر دائىم
بىھۇدە سۆزلەشنى، كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى، تەنلىرىنى
سەمرىتىشنىلا ئويلايدۇ. سېمىز كىشىنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئېتىل-
گەن بولۇپ، دائىم ئارام تېپىشنى ئويلايدۇ. كۆپ يەپ سەمرىشنى
ئويلايدىغان كىشىلەرنى دانالار ھايۋان تەبىئەتلىك كىشىلەر، دې-
يىشىدۇ. يۇقىرىدىكى چۆچەكتە كاتتا سودىگەرنىڭ ئوغلى ئۆزى-
نىڭ قىزىقىشى بىلەن چويلا، سېۋەت توقۇشنى ئۆگىنىدۇ، بېشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئەنە شۇ كىچىككىنە، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە كۆزگە ئىلىنمايدىغان ھۈنەرگە تايىنىپ، جېنىنى جان ئېتىپ يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ھۈنەرنىڭ ھەقىقىي خاسىيىتىدۇر. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز ھەرقانداق ھۈنەرنى بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن كۆرمىگەن، كىم قايسى ھۈنەرگە قىزىقسا، شۇ ھۈنەر شۇ كىشى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. قىزىقىپ ئۆگەنگەن ھۈنەردىن چوقۇم نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭدا مانا مۇشۇ تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغىن، جېنىم بالام!

— مەن ئۈمىدىڭىزنى چوقۇم ئاقلايمەن، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ئامراق نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— بۇ كىتابتا «ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولار» دېگەن بىر چۆچەك بار. سەن شۇنى ئوقۇپ، ئەتە تەسىراتىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى.

بىلقۇتجان ماقۇل بولۇپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سائەتكە قارىۋىدى، ئۇخلايدىغانغا يەنە بىرەر سائەتتەك بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بوۋىسى كۆرسىتىپ بەرگەن چۆچەكنى ئوقۇشقا باشلىدى.

# ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولار

ئاتام زامانىسىدا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلا قىزى بولغاچقا، كۆزىگە قاراپ، بېشىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاراپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلىپتۇ. قىز بويىغا يېتىپ-تۇ. باي دەسلەپ «ئۆزۈمگە ئوخشاش تولغان بايغا ياتلىق قىلىمەن» دەپ قىز كۆرگىلى كەلگەنلەرنى دەرۋازا سىرتىدىن قايتۇرۇپتۇ، كېيىن دەرۋازىنى ئاچماي بولماپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي بىر كۈنى قىزنىڭ ئانىسىغا ئاچچىقلاپ، — قىز تاپقانغا تويغۇزۇشىدىغان ئوخشىمامسەن مې-نى؟ يىغقان بايلىقىم كۈيۈئوغۇل بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ تۈگەۋاتسا، مۆرىمەي ئولتۇرۇشىسەنغۇ؟! قىزىڭغا ئېيت! مېنى بال-دۇرراق غەمدىن خالاس قىلسۇن!

ئانا باينىڭ گېپىنى قىزغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە:

— قىزىم، ھەممىسى ئالدىڭدىن ئۆتتى. ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆ-تىدىغان باي يوقكەن. نېمە ئىلاج، باي ئوغلىدىن بىرنى تاللىساڭ، بېشىڭنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ قويساق، — دەپتۇ.

— باي دېگەن دادامدەك پىخسىق بولىدىغان بولسا، بايغا تەگ-مەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، سودىگەرگە تەگكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— جىنىم ئانا، سودىگەرنىڭ ئىشى ھىيلىگەرنىڭ ئىشى، تۆ-مۈردۈر ئۇنىڭ چىشى، ئۇنداقلارنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپ-تۇ قىز.

ئانا چالۋاقاپ سوراپتۇ:

— بايغىمۇ تەگمىسەڭ، سودىگەرگىمۇ تەگمىسەڭ، شەھەر ئامبىلىنىڭ بەگزادىسىغا تېگەمسەن ئەمىسە؟

— ئامبال دەمسىنا؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ قىز، — بىلسەڭ تاتلىق ئانا، سىنىڭ ئۇ بەگزادەڭ ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش كاداڭ، نەپسى يوغان باداڭ. ئۇنىڭغىمۇ تەگمەيمەن. مىنىڭ كۆڭلۈم ھۈ-نەرۋەننى تارتىدۇ.

— ھۈنەرۋەن!؟ كۆڭلۈڭ ئاشۇ كوچىدىكى سولتەكلەرنى تار-تامدۇ؟ خەپ، داداڭغا ئېيتىپ، تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزمىسام، — ئا-نا قىزنى دۆشكەلەپ باينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كىرىپ دادخورلۇق قىپتۇ. باي قىزنى ھارغىچە سوتلاپتۇ. قىز بولسا ئۆز گېپىدىن يانماپتۇ.

— نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن، مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ سەن مىنىڭ پۇشتۇم ئەمەس، مەن سىنىڭ داداڭ ئەمەس. كۆزۈمدىن يوقال! — دەپتۇ باي قىزغا كايىپ.

ئانا باينى گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. قىز نائىلاج بوقچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ بالام، خەير، يو-لۇڭ بولسۇن، — دەپ ئۆزىتىپ قويۇپتۇ.

قىز مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ

كەپتۇ، بوينىنى قىسىپ كوچا ئارىلاپتۇ. ئۇ تۇماقچى، بوياقچى، ئۆتۈكچى، ماتاچى، ئاشپەز، ناۋايلارغا سەپسېلىپ كېتىۋېتىپتى-كەن، كوچا مەركىزىدە بىر توپ ئادەم دۈۋىلىشىپ تۇرغىدەك. قىز توپقا قېتىلىپ، سىغداپ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. قارىسا، قەلەم قاشلىق، قوي كۆزلۈك، مەڭزى توغاچتەك، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بىر يىگىت كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك بىر پارچە گىلەمنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر تالىشىپ سودا قىلىۋېتىپ-تۇ. قىز پەرەنجىسىنى ئاستا قايرىپ، گىلەمنى سىلاپ تۇرۇپ يى-گىتتىن سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى توقۇغانمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈم توقۇغان، — دەپتۇ يىگىت جاۋابەن، — شۇ-غىنىسى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغۇدەك يا بىرەر شاگىر-تىم، يا يېپ ئېگىرىپ بەرگۈدەك جورام يوق، دۇكاندا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن، دېسىلە خېنىم.

— يىپلىرىنى مەن ئېگىرىپ بەرسەم قوبۇل كۆرەرلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز. يىگىت تەزىم قىلىپ:

— جان دەپ قوبۇل قىلمامدىغان! — دەپتۇ ۋە گىلەمنى ئې-لىشىغا سېتىپ، قىزنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ.

گىلەمچى يىگىتنىڭ ئىسمى لوقمان، قىزنىڭ ئىسمى بۇۋۇ-ھەجەر ئىكەن. ئۇلار يول بويى ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ، بىر - بى-رىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. لوقمان بىر قازان پولۇ ئېتىپ، مە-ھەللىدىكىلىرىنى چاقىرىپ، پەتىسىنى قىلدۇرۇپ بۇۋۇھەجەرنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇندىن ئېتىبارەن بۇۋۇبەجەر يېپ ئېگىرىپ بوياپ ھارماي-تۇ، بازار سودىسىغىمۇ پىششىپتۇ. لوقمان دۇكاندىن چىقماي گىلەم توقۇپتۇ. بىر يىل توقۇپتۇ، ئىككى يىل توقۇپتۇ، ئۈچ يىل توقۇپتۇ، گىلەمنىڭ بازىرى ئېقىپ، لوقمان بېيىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇۋۇبەجەرگە:

— ھۈنەرمۇ قىلىپتىمىز، پۇلمۇ تېپىپتىمىز، ئەمدى ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقساق دەيمەن. شەھەردە دۇكان ئېچىپ بەرسەم، سىز ئولتۇرۇپ گىلەم ـ يىپ ساتسىڭىز، گىلەمنى نىمكارلىرىم تو-قۇسا، مەن شەھەر كۆرگەچ ئالەمنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

بۇۋۇبەجەر قوشۇلۇپتۇ. لوقمان پۇختا تەييارلىنىپ، قې-چىرلارغا مال ئارتىپ، ئۆزى ئارغىماققا مىنىپ كۈنچىقىشقا قاراپ يول ئاپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. يەتتىنچى كۈنى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئەمدى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا قىرىق قاراقچى باستۇرۇپ كەپتۇ ـ دە، مال ـ مۈلۈك، پۇل ـ پۇچەك، ئات ـ قېچىرلارنىڭ بىرىنى قويماي بۇلاپتۇ. نۆۋەت لوقمانغا كەپتۇ.

— ھەي سودىگەر يىگىت، — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى قىلىچىنى پارقىرىتىپ، — بۇگۈن ئەجىلىڭ توشتى! چاناپ ئۆل-تۈرەيمۇ ياكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرەيمۇ؟ جاۋابىڭغا خۇشتارمەن.

— بوينۇم قىلدا باغلاقلىق، لېكىن، بىر شەرتىم بار: خوتۇ-نۇمنى كۆرۈۋالاي، ۋەسىيەتلىرىم بار دەۋالاي، ئاندىن قانداق ئۆل-

تۇرۇشنى خالىساڭلار شۇنداق ئۆلتۇرۇڭلار، ـــ دەپتۇ يىگىت بېـ-
شىنى ئېگىپ. قاراقچى باشلىقى:

ـــ قولۇمغا چۈشكەنلەرنى تىرىك قويۇۋەتكەن ئەمەسمەن.
بوپتۇ، ئۆلۈكۈڭ بولسىمۇ خوتۇنۇڭ بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن، ـــ
دەپتۇ ۋە شېرىكلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ـــ بۇنى ئۆز ئېتىنىڭ
قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۇزىتىپ قويۇڭلار.

ـــ خوپ تەقسىر! ـــ قاراقچىلار قىلىچلىرىنى قىنىغا سې-
لىپ، لوقماننى باغلاپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاتنىڭ قېشىغا ئې-
لىپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا، قاراقچى باشلىقىنىڭ مەسلىھەتچى-
لىرىدىن بىرى ئەقىل كۆرسىتىپ دەپتۇ:

ـــ بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، ھۈنەرۋەندەك قىلىدۇ. ئېلىپ
كېتىپ ھۈنەر قىلدۇرساق، بىزمۇ ئاچ ـ توق قالماس ئىدۇق.

قاراقچى باشلىقى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. لوقماننى بوشىـ-
تىپ سوراپتۇ:

ـــ نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

ـــ ھۈنەرۋەنمەن، تەقسىر!

ـــ نېمە ھۈنىرىڭ بار؟



ـــ گىلەم توقۇيالايمەن،
يىپ ئېگىرىپ بويالايمەن.
قاراقچىلار لوقماننىڭ
جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇش بو-
لۇپ، بىللە ئېلىپ كېتىپ-
تۇ. تۇرۇشلۇق ئۆڭكۈرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بېرىپ، ئۇلجىغا چۈشكەن يېمەكلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ يېيىشىپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇۋېلىشۇپتۇ، ئارغىماقنى ئۆلتۈرۈپ داش قازانغا تاشلاپتۇ. قاراقچىنىڭ باشلىقى سەت كېكىرىپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قولىغا ئالماپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، مەن كۆرەي.

لوقمان گىلەمنى ھەر ـ خىل يىپ، دۇكان، ئەسۋاب بولمىسا توقۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قاراقچى باشلىقىنىڭ زەردىسى ئۆرلەپ كايىپتۇ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ شىلـ. تىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى مەسلىھەتچى توساپ:

— تەقسىر، ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا، يىپ، ئەسۋاب تېپىپ بېرەيلى، — دەپتىكەن، قاراقچى باشلىقى ماقۇل بولۇپ سوراپتۇ:

— ھەي گالۋاڭ يىگىت، سەن ئېيتقان نەرسىلەر نەدە بار؟ تېز ئېيت!

— كۇنپېتىشتىكى شەھەردە بىر ئايال ساتىدۇ، يىپلىرى خىل، ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرى تەخ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لوقـ. مان.

قاراقچى باشلىقى تۆت قاراقچىنى بايۋەچچىدەك كىيىندۈرۈپـ. تۇ.



لوقمان قاراقچىلار بۇـ. لىۋالغان گىلەم ـ خۇرجۇنـ. نى ئالدۇرۇپ چىقىپ، رەڭدار ئارقاق يىپىدىن بىر تالدىن سۇغۇرۇپ، ئۆرۈش

يىپىدىن ھەم ئالدۇرۇپ قاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئەسۋاب نۇس-
خىسىنىمۇ بېرىپتۇ. تۆت قاراقچى كۇنىپېتىشتىكى شەھەرگە قاراپ
يۇرۇپ كېتىپتۇ. شەھەردە بۇۋىھەجەرنىڭ دۇكىنىدىن باشقا گىلەم -
يىپ ساتىدىغان دۇكان يوق ئىكەن. بۇۋىھەجەر قاراقچىلار ئېلىپ
كەلگەن يىپ - ئەسۋاب نۇسخىنى كۆرۈپ، ئېرىم گىلەمچىلىك
دۇكىنى قۇرماقچى ئوخشايدۇ، بۇلار ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بولسا
كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئەڭ ئېسىل، رەڭدار يىپ خىللىرىدىن ئىك-
كى قاپ بېرىپتۇ. ئەسۋاب - جابدۇقنىمۇ كېچىكتۇرمەپتۇ. قاراق-
چىلارنى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قاراقچى باشلىقى لوقماننى ئۆڭكۈردىكى ئەڭ ئىچكىرى «كى-
رىشى بار، چىقىشى يوق» بىر ئۆيدە گىلەم توقۇشقا بۇيرۇپتۇ.
لوقمان كېلىشتۇرۇپ بىر پارچە گىلەم توقۇپتۇ. گىلەمگە ئۆزد-
نىڭ قەيەردە، قانداقسىگە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلى-
قىنى، گىلەم ساتقىلى بارغانلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى خەت
بىلەن ئىزھار قىلىپتۇ، قاراقچىلار تۇرۇشلۇق جاي ۋە ئۆزى قا-
مالغان ئۆينىڭ، يولىنىڭ خەرىتىلىرىنى چۈشۈرۈپتۇ، قۇتقۇزۇش-
نى تەلەپ قىلىپتۇ. گىلەمگە سۇ پۇركۈپ ئېغىرلاشتۇرۇپتۇ.



قاراقچى باشلىقى ئىككى
قاراقچىنى گىلەمنى سېتىپ
كېلىشكە تەينلەپتۇ. ئىك-
كىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، تۆتى
كۆتۈرەلمەپتۇ، ئالتىسى كۆ-
تۈرەلمەپتۇ، سەككىزى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


تۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇۋىھەجەرنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇۋىھەجەر گىلەمدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، خەرىتىلەرنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. گىلەم ساتقىلى كەلگەن سەككىز قاراقچىنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. ئاندىن لوقماننىڭ ۋاپادار دوست ـ يارەنلىرىدىن ئاتمىشنى تاللاپ ئارغىماقلارغا مىندۈرۈپ، ئۆزى سەردار بولۇپ قاراقچىلار ماكانىغا قاراپ ئات سېلىپتۇ.

قاراقچىلار گىلەم ساتقىلى كەتكەن ھەمراھلىرىنىڭ يوللىرىغا قاراپ، ئاچلىقتىن لەۋلىرىنى شوراپ، گەمىلىرىدىن چىقىپ ئۆتەڭدە كارۋان ساقلاپ تۇرۇشقىنىدا بۇۋىھەجەرلەر ئالەمنى چاڭ كەلتۈرۈپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ.

— سىلەر قايسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ قاراقچى باشلىقى بۇۋىھەجەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

بۇۋىھەجەر:

— پەقىر سېنىڭ قولۇڭدىكى گىلەمچى يىگىتنىڭ خوتۇنى، بۇلار ئۇنىڭ لەشكەرلىرى، — دەپتۇ ـ دە، قىلىچىنى بىر شىلتىپ قاراقچى باشلىقىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قالغان قاراقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۇۋىھەجەرگە ئېتىلىپتۇ. لوقماننىڭ دوستلىرى ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئويىنىتىپ، قاراقچىلار سېپىگە



بۆسۈپ كىرىپتۇ. جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. قىلىچ ـ نەيزىۋازلىق ئۇچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. بۇۋۇھەجەرلەر قاراقچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تىنچلاندۇرۇپتۇ؛ قاراقچىلارنىڭ ئۆڭكۈر ـ لەخمىلىرىنى تىنتىپ، لوقماننى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

لوقمان بىلەن بۇۋۇھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈ-نىرى يېڭىباشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ. بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ ئىمكارلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇۋۇ-ھەجەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قى-لىپ، «ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن» دې-يىشىپتۇ ۋە سۇنغان ھالىنى ئوڭشىماق بولۇپ، لوقماندىن ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەك بولۇپتۇ.

ــ مەن ئەمدى چۈشەندىم، ــ دېدى بىلقۇتجان چۆچەك ئا-خىرلىشىشى بىلەن ھاياجانلانغان ھالدا، ــ ھۈنەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ قىلغاندا، ئۇنىڭ خاسىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆ-رۈلىدىكەن ـ دە؟!

ــ كىشىنىڭ ئالتۇنى بولمىسىمۇ، ھۈنىرى بولسا، دۇنيادا ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتىرى بولمايدۇ، ــ دېدى مۆھتە-رەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ــ شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى ھۈنەر زىن-نىتى بىلەن بېزىلىشى



www.uyghurkitap.com



لازىم. ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق سۆلەتتۇر. قۇرۇق سۆلەت كىشى خۇددى سۇرەتكە ئوخشايدۇ. سۇرەتكە قارىساڭ، ئۇ ئادەمگە ئوخشىسىمۇ جېنى يوق. دەرەخ شېخى مېۋىسىز بولسا، ئۇنىڭ ھايۋان مۈڭگۈزىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! قەلەم گەرچە چۆپ بولسىمۇ، ئىلمۇ ھۈنەرنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەزىز ھېسابلىنىدۇ. ئەينەك گۈزەللەرنىڭ يۈزىنى ئاشكارا قىلىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن قولدىن چۈشمەيدۇ. ئۇلۇغلار ھۈنەرسىز كىشىنى «قاناتسىز قۇش» دەپ ئاتاشقان. يەنى قۇشنىڭ پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن قانات بولۇشى شەرت. خۇددى شۇنىڭدەك ھۈنەرمۇ بارلىق ئىشلاردا كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. قۇدرەتلىك خان-خاقانلار ۋە شانۇ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ بايلىق-دۆلىتى يەر يۈزىنى قاپلايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھۈنەر ئۆگىنىپ قابىلىيىتىنى ئارتتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. دېمەك، ئاددىي خەلق ھۈنەر ئۆگىنىشىنى ئۆز پاراۋانلىقىنىڭ ۋە مەئىشىتىنىڭ تۈپ شەرتى دەپ بىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر. ھۈنەر سۈيى بىلەن سۇغىرىلمىغان كىشى خۇددى مېۋىسى ۋە سايىسى يوق قۇرۇق دەرەخكە، ياكى پۇرىقى ۋە رەڭگى بولمىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ جەننەتتەك گۈلشەنىنىڭ ھېدىدىن دىمىقىنى خۇشبۇي قىلغان كىشى خىلمۇ خىل، تېپىلغۇسىز لەززەتلىك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىلىم ۋە ھەقىقەت بې-



غىننىڭ باغۋەنلىرى ھۈنەرسىز كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ رەزىل ۋە پەسكەش كىشىلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. ھەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام! ئەگەر ئاقىل، دانا بولاي دېسەڭ، ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئويلا. ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن. ئەگەر ھۈنەردىن نېسىپسىز بولساڭ، سايىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىسەن. ئەگەر ئەقىل ـ ھوشۇڭ تۇرۇپ ھۈنەرسىز قالساڭ، ئەقىل ـ ھوشۇڭ شەكىلسىز بەدەن ياكى مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاشتۇر.

بىلقۇتجان جاراڭلىق ئاۋازدا:

— مەن چوقۇم ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن، بوۋا! — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى ئامراقلىق بىلەن باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.



كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن

لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام) مەخمۇتجان (رەسسام)

نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 2.5

نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2

باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)